4

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائى پەن قىسمى)

1984 ـ يىل 4 ـ سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى

(ئومۇمى 20 ـ سان)

Abdulcelil TU
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

«قۇتادغۇبىلىگ»داستانىدىكى ئىجتىمائى ئەخلاق مەسىلىلىرى توغرىسىدا ...... ئامانۇللا 1
«قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار ھەققىدە........مەھەممەت ئوسمان 21
فەن جىن ۋە ئۇنىڭ «روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرى ........ 29
........لىيۇ ۋەنيۇ
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە ...................... راززاق تۆمۈر 38
خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ............................ جۇلىڭمىڭ، لىبىي دىڭرىن 48
................قاسىم ئارىش تەرجىمىسى
ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يوقىلىشى ..................... جۇ كېرو 63
................خەيرىنىسا، مۇراتلار تەرجىمىسى
ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ................ ئابدۇكېرىم راخمان 70
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ...... 86
................نۇرمەھەممەت زامان
ئالتاي تىلشۇناسلىقى ھەققىدە .................. نەسرۇللا يولبولدى، مۇھەببەت قاسىم 97
خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ......لىيۇمىن 110
مائارىپتا زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.............. ئىبراھىم مۇھىتى 123
ئەبۇلغازى باھادىرخان .............................. ئابلىمىت روزى 129
«دۈڭخۇاڭ ـ تۇرپان ئىلمىي جەمىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا .............. 133
................تۇرسۇن رەھمىتۇللا
ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى .......... 139
................يۈسۈپ ئوربىلى
ژورنىلىمىزنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ھەر قايىسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە
لارنىڭ مۇندەرىجىسى ................................ 145

# 目　　录


论《福乐智慧》的社会道德观……………………………………………………阿马努拉

《福乐智慧》关于天化学的论……………………………………………买买提·乌斯曼

范及缜其《神灭论》…………………………………………………………………刘万玉

经济结构初探………………………………………………………………拉札克·铁木尔

湖南的维吾尔族…………………………………………………………朱令名李定仁　文

　　……………………………………………………………………哈斯木·阿尔西　译

奥斯曼帝国的兴亡………………………………………………………………朱克柔　文

　　……………………………………………………………………海尔尼莎·木拉提　译

维吾尔神话初探…………………………………………………………阿不都克里木·热合满

关于现代维吾尔文学形成之我见……………………………………………努尔买买提·扎满

阿尔泰语系浅论………………………………………………………………………纳斯肉拉

　　……………………………………………………………………………………木哈巴提

汉维熟语浅见……………………………………………………………………………刘琅

教育必须实行现代化…………………………………………………………依不拉音·穆义提

阿不利哈孜·巴哈德尔汗（名人介绍）…………………………………阿不力米提·肉孜

学术动态　敦煌吐鲁番学会成立………………………………………吐尔逊·热合木吐拉

国历与公历对照表……………………………………………………………玉苏甫·乌儿毕力

们刊1984年1—4期文章目录……………………………………………………………

# «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئامانۇللا

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى چوڭ تىپتىكى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماي، يەنە 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي ۋە پەلسەپىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ باي ۋە چوڭقۇر مەزمۇنى — ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، دۆلەت، قانۇن، تىل، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا پەقەت ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدىلا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بارىمىز.

## 1

ئېلىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخى ۋە ئېتىكا تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان شانلىق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئەخلاقىي ئىدىيە باياندا، گەرچە ئەخلاق ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ۋە تەبىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختالمىسىمۇ، لېكىن داستاندا باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ناھايىتى ئۇقۇشلۇق ۋە گەۋدىلىك ھالدا بايان قىلىنغان.

ماركسىزمدىن بۇرۇنقى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ پەيدىن ـ پەي چوڭقۇرلىشىش تارىخىدىن ئىبارەت. بۇ تارىخ بىر تەرەپتىن، ماتېرىيالىستىك قاراش بىلەن ئىدېيالىستىك قاراشنىڭ كۈرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ كۈرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەرقانداق مەسىلىنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭغا كونكرېت تارىخىي ھالدا قارىغانغا ئوخشاش، ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تارىخىنى، جۈملىدىن، «قۇتادغۇبىلىگ»دىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنى كۆزەتكەندىمۇ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇئەييەن زامان ۋە ماكان شارائىتى ئاستىغا قويۇپ، كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭدىن توغرا، ئىلمىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ماركسىزمىلىق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مېتود بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمەن ئېيتقاندا، 3 ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: بۇنىڭ بىرى، قەدىمقى گرېتسىيە ۋە رىم قۇللدارلىق جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەر؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىلىرى؛ ئۈچىنچىسى، ئەدەبىيات ــ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلانغان كاپىتالىزمىلىق ئەخلاقىي ئىدىيىلەر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسى 2 ــ باسقۇچقا توغرا كېلىدۇ. بۇ 3 باسقۇچتىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتى كونكرېت مەزمۇن ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى دەۋرى قىلىپ كەلگەن. ياخشىلىق، يامانلىق، ئادالەت، ھەققانىيەت دېگەنلەر نېمە؟ بەخت ــ سائادەت ۋە ياشاشتىكى ئالىي مەقسەت نېمە؟ ئەخلاق ــ پەزىلەتنىڭ ئاساسىي نىزام ۋە مىزانى قايسى؟ قانداق قىلغاندا ئالىجاناپ يۈكسەك ئەخلاقىي ــ پەزىلەتنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تارىخىدا تالاش ــ تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر. بولۇپمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىق بىلەن بەخت ــ سائادەت مەسىلىسى مۇنازىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشىدىن ئوخشىمىغان ھەر خىل ئەخلاقىي ئىدىيە، خاھىش ۋە مەزھەپلەر كېلىپ چىقتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقۇرىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تاۋاش ئاساسىدا چۈشەندۈردى. گەرچە، ئۇ ئەينى زاماندا فېئودال خان ــ بەگلەر مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلىسىمۇ، لېكىن بۇ ئالىم ئۆز زامانىنىڭ ئاتاقلىق مەرىپەتچىل، ئادالەتچىل ھەم خەلقچىل مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتى، تەلىۋى ۋە ئارزۇسىغا ھەمدە رېيال تۇرمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېھتىياجىغا نەزەر سالىپ، ۋە ئۇنى مۇئەييەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىم جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەخلاقنىڭ بۇنداق ئەكس تەسىرى ۋە رولىغا قارىتا تامامەن خاتا بولغان ئىككى خىل بىر

تەرەپلىمىلىك قاراش ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. بۇنىڭ بىر خىلى، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىپ، ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەيدىغان قاراش؛ يەنە بىر خىلى، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئۇنى يوققا چىقىرىدىغان قاراش. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتا گەرچە شۇ دەۋرنىڭ ۋە سىنىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر توغرا ھەل قىلالىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر دىنىي پەيلاسوپ، ئۇ دۇنيا قاراش جەھەتتە، ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەسىرىدە دېئىزىملىق ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ئامىللارمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەخلاق قارىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ماركسىزملىق ئېتىكىدا شۇنداق ھېساپلايدۇكى، ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىكى ماتېرىيالىزم ۋە ئىدېئالىزمدىن ئىبارەت 2 لۇشيەننىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئاددىي ۋە مېتافىزىك ھالدا قارىماسلىق لازىم. گەرچە ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەخلاقنىڭ ئىقتىسات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئەخلاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ماھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرى بىر قەدەر توغرا بولسىمۇ، لېكىن شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە ئەخلاقىي غايە ۋە بەخت ـ سائادەت قاتارلىق مەسىلىلەردە بەزى ماتېرىيالىستلارنىڭ قاراشلىرى كۆپ بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئەكسىچە، بەزى ئىدېئالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ بۇ مەسىلىنى بايان قىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىدە بولسا، نۇرغۇنلىغان توغرا، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئامىللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىر پەيلاسوپنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بەزىدە مۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈش مۇمكىن: بەزى پەيلاسوپلار تەبىئەت كۆز قارىشى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىن ماتېرىيالىست، ئىجتىمائىي رولى جەھەتتە ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى بەكمۇ چولتا؛ ئەكسىچە، بەزى پەيلاسوپلار تەبىئەت كۆز قارىشى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىن ئىدېئالىست، ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىن مۇتەئەسسىپ ۋە قالاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى چوڭقۇر ئاقىلانىلىككە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ 2 چوڭ كىلاسسىك پەيلاسوپى گېگېل بىلەن فېيېرباخ تىپىك مىسال بولالايدۇ. فېيېرباخنى ئالساق، ئۇ تەبىئەت كۆز قارىشى جەھەتتە ماتېرىيالىست، لېكىن ئەخلاقىي كۆز قارىشى جەھەتتە ئىدېئالىست، چۈنكى، فېيېرباخ رېئال جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمىگەن. شۇڭا، ئېنگېلس فېيېرباخنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكىنى تەنقىت قىلىپ: «ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىن پەقەت بىر جەھەتتىنلا — ئەخلاقنىلا كۆرىدۇ، بۇ يەردىمۇ گېگېل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، فېيېرباخنىڭ ئادەمنى چۆچۈتكىدەك چولـ

تىلىغى بىزنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ»① دىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، گېگىلنىڭ ئەخلاق قارىشى شەكىل جەھەتتىن ئىدىيالىزىمغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى رىيال، كونكرىت، چۈنكى گېگىل ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك ئاساستا تەھلىل قىلغان. بۇ يەردە ئېنگېلسنىڭ فېيېرباخ ۋە گېگىلنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسىگە بەرگەن باھاسى، بىزگە ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، جۈملىدىن، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەر توغرا يەكۈن ھاسىل قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم بىر مېتودولوگىيىلىك پىرىنسىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي قائىدە ۋە نىزاملىرى بايان قىلىنغان. بۇ قائىدە — نىزاملار ئەخلاقىي ھادىسە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئومۇمىي چۈشەنچىلەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەر ياخشىلىق، يامانلىق، بۇرچ، ۋىجدان، شان — شەرەپ، بەخت — سائادەت قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يۇقۇرىدىكى ئاساسىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. بولۇپمۇ، بۇنىڭدا قەدىمقى ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن ئۆز زامانىدىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر ھەمدە ئادەملەرنىڭ شەخسىي ئەخلاقىي تەربىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر بىر قەدەر مۇپەسسەل، كونكرىت ۋە جانلىق يورۇتۇلغان. بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ ئېتىنكىلىق ئىدىيىلەر تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي تەلىۋىگە بېقىنغان ۋە شۇ سەۋەپلىك ئېتىنكىلىق نەزىرىيە جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەخلاقىي سىستېمىنى تەشكىل قىلالىغان بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ مۇرەككەپ، كۆپ تەرەپلىملىك ھەمدە كۆپ قەۋەتلىك باي ئەخلاقىي مەزمۇنىغا ھەرگىز شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ ئەخلاقىي مەزمۇن ۋە چۈشەنچىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. بۇرچ مەسىلىسى: — ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشىدا، كىشىلەر مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە جەمىيەتكە ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك ۋەزىپە، خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ۋەزىپە ياكى مەسئۇلىيەت شەخسنىڭ

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 4 - توم، 232 - بەت.

ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە، ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان جاۋابكارلىقتا ئىپادىلىنىشمۇ ياكى شەخسنىڭ ئۆز مىللىتى، دۆلىتى، سىنىپى، پارتىيىسى ۋە تەشكىلىگە بولغان جاۋابكارلىقتا ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ۋە سىنىپ شۇ جەمئىيەت ياكى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىغا مۇئەييەن ئەخلاقىي بۇرچنى قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىب قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولغان بىر قاتار ئەخلاقىي بۇرچنى «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئەلگە ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق، بەخت تەلەپ قىلىش ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىشنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئالىم ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى، ئۆزىگە قويىغان تەلەپ ــ مەقسىتى ۋە ئارزۇسى سۈپىتىدە ئۆز ـ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

227. ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى ياخشىلىق قىل، قويى ئۆزگە سۆزۈڭ①.

1333. ھاياتنى زايا قىلما قىل ياخشىلىق،
كېچەركۈن ئىچىدىن ئال ئىبرەتنى جىق.

4466. ئۆزۈڭ ئۆلسەڭ ئاخىر، بۇ نامىڭ قالۇر،
ئېتىڭ ياخشى بولسا، ھايات تەم بىرۇر.

بۇ مىسرالاردا مۇئەللىپ ئەخلاقىي بۇرچنى ئادەم نىمە ئۈچۈن ياشاش، كىم ئۈچۈن ياشاش ۋە قانداق ياشاشتىن ئىبارەت غايىۋى نىشان ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ياخشىلىق»نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى سۆپەتلەپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلاردىن ئادالەت ۋە توغرىلىقنىڭ سىمۋولى كۈن تۇغدى ئىلىگنىڭ بەخت ــ سائادەت سىمۋولى ئايتولدىغا قىلغان نەسىھەتى شەكلىدە، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئالىجاناپ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

① ماقالىدا سەھىپىنى تېجەش ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىگ»دىن ئېلىنغان نەقىللى نەزمى يەشمىسى بويىچە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كوپلېت نومۇرى ئەسكەرتىلدى. بۇ نەقىللەرنى ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىشى كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلدى.

856. ئىلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق سۈپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلارىيىتۇر.

857. قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئىلىگە،
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

858. تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپسىنى دىمەس،
يەتكۈزگەن نەپ ئۈچۈن بەدەل كۆزلىمەس.

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ مىسرالاردا ئالىم ياخشىلىقنىڭ سۈپىتى يەنى مەقسىدىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك پەزىلەت بىلەن مەھكەم باغلىغان ھەمدە بۇنداق قىلىش پەقەتلا كىشىلەرنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ئىلى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائى بۇرچى بولۇپ، بۇ بۇرچنى ئۆتىگەنلىگى ئۈچۈن ھەرگىز تەمەننا قويۇش، مىننەت قىلىش ۋە ھەق تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىغى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

پەرزەنتلەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە يارامىلق قىلىپ تەربىيلەشمۇ ئەخلاقىي بۇرچ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ۋەزىپىنى ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ۋە پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ ياش ئەۋلاتلار ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئورتاق بۇرچى دەپ قارايدۇ؛ بالىنىڭ ئەركە ـ مىشچان، يامان خۇي ـ پەيلىك بولۇپ ئۆسۈشىنى ئاتا ـ ئانىغا باغلىق دەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئەخلاقىي جاۋاپكارلىغىنى ئاتا ـ ئانىغا، بولۇپمۇ ئاتىغا ئارتىدۇ:

1218. ئاتا ئەمگىگى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي ـ پەيلى خوپ.

1223. كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1224. كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇنا يوق، ئاتىغا جاپا.

1225. ئوغۇل ـ قىز خۇي ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە، بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ ئۆسۈشىگە دىققەت قىلىش؛ پۇل ـ بايلىققا ھەۋەس قىلماسلىق؛ كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق؛ دۇرۇس يولدا مېڭىش ۋە توغرا قىلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش؛ كىشىلەرگە قارىتا سىلىق ـ مۇلايىم، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇش؛ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلىش؛ ياخشى ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش؛ راست سۆزلەش، يالغانچىلىق، قوپاللىق، جاھىللىق ۋە قاشقالىقتىن ھەزەر ئەيلەش؛ ھاراق ـ شاراپ ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك؛ ئېغىر ـ بېسىق، سالماق بولۇش، ئويلاپ سۆزلەش، يېنىكلىك قىلماسلىق، بىھۇدە سۆزلىمەسلىك، قاتارلىق بالا تەربىيىلەشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ»دە بۇنداق ئەخلاقىي تەربىيىۋى مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى دەستۇرى، شۇنداقلا ئاتا ـ بالىنىڭ ئۆز ئارا ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي بۇرچى بولۇپ، بۇ بولۇپمۇ ئايتولدىنىڭ ئۆز ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھىتى شەكلىدە كونكرېت گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1282. خۇيۇڭنى تۈزەتكىن، يېڭىلمە ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل كىچىك تۇت چوڭايتما سۆزۈڭ.

1284. ئۆزۈڭ ئوتقا ئورما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
كىشى مېلىنى ئالما زورلاپ كۈچۈن.

1297. يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

1315. كىشىگە ھەم ئۆزىگە قىلما سەن زىيان،
ھەۋەسنى قويۇپ قىل ياخشىلىق ھامان.

1326. تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

1505. لاغايلاپ بىھۇدە يۈرمىگىن ئۆزۈڭ،
سىلىق، توغرا بولسۇن قىلىغىڭ، سۆزۈڭ.

1651. چىچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

ئېتىنىكا نەزىرىيىسىدە ئەخلاقىي بۇرچ شەخسنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە، جۈملىدىن، باشقا ئادەملەرگە قارىتا ئۈستىگە ئالغان جاۋاپكارلىقىنىمۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن، باشقا ئادەملەرنىڭ شەخسكە قويغان ئىجتىمائىي تەلىۋىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەخسنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتكە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ئۇنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى بىلەن بىر ياكى ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپخاس ھاجىپ ماناشۇ كۆز قاراشتىن چىقىپ، ئاۋام پۇخرالارغا قارىتا ئۆز ئىلىگە ياخشىلىق قىلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئىلىگ ھۆكۈمدارغا قارىتا ئۆز خىزمىتىگە تولۇق جاۋاپكار بولۇش، خىزمەتنى ئۆز ۋاقتىدا بەجانىدىل ئىشلەش، ئەلنى ياماندىن ساقلاش، پېقىر - مىسكىنلەرگە ئېھسان قىلىش، خۇشامەتچى، ئۇياتسىز كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، دۆلەت مالىيىسىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش ھەمدە توغرا قانۇن ۋە ئادىل سىياسەت قوللىنىپ، ئەلنى ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن خالىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئالىمنىڭ قارىشىچە، بۇ تەلەپ ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم ئۇنىڭ كەسپىي (خىزمەتتىكى) ئەخلاقىي بۇرچى ھەم جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي بۇرچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

5503. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتە ئۈچۈن قويمىغىل،
ئەتە ئىش بولسا، ئۇقالۇر يەنە بىل.

5528. كۆيۈمچاننى تۇتقىن ئۆزەڭگە يېقىن،
ئۇياتسىزنى ئۆزگە يېقىن تۇتمىغىن.

5574. سېنىڭدە پۇخرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتە سەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.

5575 بىرى ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمىي كۆپ ئەرسەن، ئاياردىن① كۈزەت.

5576. بىرى توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىدىن - بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577. ئۈچىنچى، ئىمىن قىل پۈتۈن يوللارنى،
يوقاتقىن قاراقچى ئوغرىلارنى.

دەرۋەقە، بۇ مىسرالارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇپىيىلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقى-

①ئايار— ئەرەپچە، ئالتۇن - كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى.

رىش ۋاستىلىرىغا خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەينى فېئودالىلىق زاماندا ھۆكۈمدار خان ـ بەگلەرنىڭ بۇ تەلەپلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى دەپ بىلىپ، كەمبەغەل پېقىرلارنى باي، ئاچنى توق قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرچنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغىنى ھالدا، ئۇ جەمىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىراق، يۇقۇرىدىكى تەلەپلەرنىڭ ئورۇنلىنىش ـ ئورۇنلانماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئاشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارخان ـ بەگلەرنىڭ ئالدىغا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانىغا، جەمىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىۋىگە ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2. ۋىجدان مەسىلىسى: — ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقىلارغا ۋە جەمىيەتكە بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭ بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئەخلاقىي جاۋاپكارلىقنى ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزان بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى باھالاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ۋە باسقان قەدىمىگە رازى بولۇش ـ بولماسلىقى، توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش ـ ئالماسلىقى، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا نىسبەتەن ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئاڭقىرىش ـ ئاڭقىرالماسلىقى، ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىدە ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە نىسبەتەن ھايا ـ نومۇسنى بىلىش ـ بىلمەسلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر ۋىجدان چۈشەنچىسىگە كىرىدۇ. ۋىجدان بۇرچ بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق ھالدا دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بىللە تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا بۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بايان قىلغان، بۇ بايانلار ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئالىمنىڭ قارىشىچە، توغرا يول تۇتۇش، ھالال ياشاش، ئاۋام خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، پىداكارلىق روھ — تاشقى ئەخلاقىي بۇرچنىڭ ئادەملەر قەلبىدە ئاڭلىق تەلەپ ۋە پەزىلەتكە ئايلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى ۋىجداننىڭ شەكىللىنىشى ۋە گەۋدىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن راستچىل، توغرا بولۇش، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش، ئىچى بىلەن تېشىنى بىردەك تۇتۇش، قەلبىنى خەلققە تاپشۇرۇش، يۈرىگىنى ئاشكارىلىيالايدىغان بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش، باشقىلارغا ئېغىرىنى ئارتماسلىق، ئۆز غېمىنى يېمەي، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش — ئادەملەر ئۆز ئىش ـ ھەركىتىنى باھالاشنىڭ ۋە جەمىيەت ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچنىڭ ئەھدىسىدىن چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم

بىر مىزانى، شۇنداقلا، شۇ ئادەمنىڭ توغرا يول تۇتقان ۋە ھالال ياشىغانلىقىنىڭ ئۇچۇق ئىپادىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ:

5077. كىشىنىڭ يامانىدۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان يالغاندىن يامان.

863. تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

6098. ئۆزۈڭ نە پىئى كۆتمە، خەلق نەپئى كۈت،
يۈكۈڭنى يۈتتۈرمە ئەلگە، ئۆزەڭ يۈت.

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلماسلىق، تۆھمەت چاپلىماسلىق، پىتنە - پاساتتىن يىراق تۇرۇش، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇقتىن خالى بولۇش، خوشامەتچى، سۇخەنچىلەردىن ھەزەر ئەيلەش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋىجدان مەسلىسىدە كىشىلەر ئالدىغا قويغان يەنە بىر مۇھىم تەلىۋى:

4410. بولۇشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ قەدىرلىك،
پاساتتىن يىراق قاچ ئى خۇلقى سىلىق.

4414. پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا، خارلىق شۇندا بىل.

4253. ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋامى ئۇزاق،
ئۆزىنى - ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.

5303. يېقىن تۇتما ئۇششاق گەپلىك سۇخەنچىن،
پىتنەخور بولسا قاچ، كەلتۈرمە يېقىن.

بۇ مىسرالاردا ئالىم كىشىلەرنى ئۇياتلىق، توغرا، سەممى، تۈز ۋە ئاقكۆڭۈل بولۇشقا، قەلبىنى پاك تۇتۇپ، ئۆزىنى دائىم ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ؛

شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، پۇل، مال - دۇنيا ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك — ئەخلاقىي ۋىجدان چۈشەنچىسىدە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ»دە، ئادەملەردىن ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەي، ئەل نەپسىنى كۆزلەشكە، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتەك كوللېكتىۋىزىملىق روھنى تەكلەشكە، نەپ-

سى ـ مەنپەئەت، ئەمەل، پۇل ۋە بايلىق ئالدىدا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، دائىم سەگەك تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

5353. دىمە ئۆز نەپىڭ سەن، ئەل نەپىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپى ئەلنىڭ نەپى ئىچىدە.

3933. كۆيۈمچان ئەمەس ئول ئۆزىنى دىگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپىنى ئىزلىگەن.

3637. بۇ نەپسى بىرىنچى، بەك قۇۋەتلىك يېغى،
پۈتۈن يەردە ئۇنىڭ تورى ـ تۇزىغى.

6143. مەست قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئۆيغانماس ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۇنى.

3. قىلىق ۋە پەزىلەت مەسلىسى: — بۇ ئەخلاقىي ھادىسىلەردىكى ئىككى چوڭ تەرەپ بولۇپ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەخلاقىي قائىدە، پرىنسىپ ۋە غايە بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا قىلىق — پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى، مۇئەييەن پەزىلەت بولسا، قىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە جۇغلىنىش نەتىجىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ئەخلاقىي ھادىسىلەردىكى بۇ ئىككى چوڭ مەسىلە ئۈستىدە مۇپەسسەل توختىلىپ، بۇ ھەقتە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋى ھەم يۈنۈلۈشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلقنىڭ قەلبى ھەم ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئەقلىگە مۇۋاپىق پىكىر، تەلەپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەخلاقىي قىلىق بۇ، بەلگىلىك ئەخلاقىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان، باشقا ئادەملەرگە ۋە جەمىيەتكە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولغان ھەركەتتىن ئىبارەت. بۇنداق ھەركەت ئەخلاقلىق ھەم ئەخلاقسىزلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاقىي قىلىقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ بىر شەخسنىڭ باشقا ئادەم ۋە جەمىيەت مەنپەئەتىنى ئاڭلىق تونۇغان ۋە ئەركىن تاللىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشتىن ـ ئاخىر توغرا، دۇرۇست ئەخلاقىي قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ماختىدى ھەمدە ئۇنى تەرغىپ قىلدى. ناتوغرا، ناچار ئەخلاقىي قىلىق ۋە يامان ئادەتلەرنى ئايىماي سۆكتى، ئەيىپلىدى ۋە ئۇنىڭ جەمىيەتكە ھەمدە شەخسكە بولغان زىيانلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئەخلاقىي پەزىلەت — ئۇ، شەخسنىڭ ئىش ـ ھەركىتىدە ئەخلاقىي قىلىقنىڭ دائىم

لىق ئادەتكە ئايلىنىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭدىن ئىبارەت. ئادەتتىكى ئادەت ۋە ئاڭنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇۋەرمەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ ئەخلاقىي ئاڭ بىلەن ئەخلاقىي قىلمىشنىڭ بىرلىكى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئەخلاقىي قىلىق، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلسا، ئەخلاقىي پەزىلەت — ئەخلاقىي قىلمىشنىڭ بىرلەشكەن ئىپادىسى، شەخسنىڭ ئاڭلىق ئىرادىسىنىڭ قېتىشمىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا قىلىق بىلەن پەزىلەتنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدا ئەخلاقىي ھادىسىنىڭ بۇ ئىككى چوڭ تەرىپى شۇنداق چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنكى، مۇناسىۋەتلىك نەزمىنىڭ ھەر بىر مىسراسى كىشىلەر ئالدىغا ھەم ئەخلاقىي قىلىق ھەم ئەھلاقىي پەزىلەت سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، كاجلىق، جاھىللىققا ئوخشاش ناچار قىلىقلارنى قاتتىق تەنقىتلەپ، يالغانچىلىقنى ۋاپاسىزلىق بىلەن باغلايدۇ؛ كىشىلەرنى چىن، راستچىل بولۇش، ئۇياتنى بىلىشتەك توغرا قىلىق ۋە پەزىلەتكە باشلايدۇ:

337. بۇ بىر نەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئۆزىنى ـ ئۆز.

338. بىرى يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزىدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە.

339. ئۈچىنچى، ھاراققا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.

340. يەنە بىرسى كاجلىق، جاھىللىق قىلىش،
جاھىللىق جاھاندا ياشاتمايدۇ خوش.

2039. يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇسالىلىق قىلۇر.

4042. تەلەپ قىلما ۋاپا يالغانچىلاردىن،
بۇ سۆز سىنالغان ئۆزۈن يىللىق ئول.

4297. ياشاي ئابروي بىلەن دىسەڭ سەن ھامان،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن ھەر ئان.

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، كىبىر قىلىش، قوپال سۆزلۈك، سۆرۈن يۈزلۈك — ئەخلاقىي جەھەتتىن يەنە بىر ناچار قىلىق ۋە پەزىلەت بولۇپ، يۈسۈپ خاس هاجىپ تەكەببۇر، مەغرۇر، ئۆزەمچىل ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىنى سۆرەتلەيدۇ؛ ئادەملەرنى كەمتەر، ئىپتىياتچان، كىچىك پېئىل ۋە تۈز كۆڭۈل بولۇشقا ئۈندەيدۇ:

1330. بەختكە ئېرىشسەڭ كىبىر قىلمىغىن،
هامان ياخشىلىق قىل، يامان بولمىغىن.

4553. غۇرۇرلانما ئارتۇق، لاۋزا بولۇرسەن،
بېخىل بولما ئارتۇق، تىلگە قالۇرسەن.

2077. سۆرۈن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىنى يىرگەندۈرەر، يۈرۈشمەس ئىشى.

2072. كۈلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلقى ئۇز كېرەك،
قىلىغى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.

يۈسۈپ خاس هاجىپ هاراقخورلۇقنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى، بارلىق ئەخلاقسىزلىق هەم پىشكەللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ قاتتىق سۆكىدۇ؛ بىر مەملىكەتتە خەلقنىڭ هاراقخورلۇق يولىغا كىرىپ قېلىشى ئەلنىڭ گادايلىققا قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن، هاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىنى بولسا، دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا قاراپ مېڭىشى بىلەن مەهكەم باغلايدۇ. بۇ شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، هاراقخورلۇق «مىڭ گۇناھ»غا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەم بەخت ـ سائادەتتىن مەهرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، هاراقخورلۇق ئادەملەرنى بىكار تەلەپ، هورۇن ۋە قاششاق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق هەم پاسىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى بۇ يولغا قەتئىي ماڭماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ جەهەتتىكى تەشەببۇسلىرى هازىرمۇ رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا قارىتا ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ:

2097. هاراق ئىچسە خەلق، يەلگە كەتكەي مىلى،
خان ئولسا هاراقكەش، تۇرامدۇ ئىلى؟

2102. مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەست ئولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.

1338. ھاراق مىڭ گۇناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت، زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

بۇ مىسرالاردىن مۇنداق بىر ئېنىقلىق قائىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغۇر قىلمىشلار قارىماققا شەخسنىڭ «ئىچكى ئىشى»، ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى «ئىرادە ئەركىنلىكى» بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلەت بىر خىل ئاڭلىق تاللىۋېلىنغان ھەرىكەت ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇنى قانداق تاللاش، يەنى شەخسنىڭ باشقا ئادەم ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى — ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلەتكە باھا بېرىش ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالىدۇ. شەخسنىڭ «ئىرادە ئەركىنلىكى» ھېچقاچان «خالىغىنىنى قىلىش» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە، بىر قىلىقنى تاللىغاندا ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا ئادەمنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇشتەك ئاڭلىقلىققا تايىنىش دېگەنلىكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە ئەخلاقسىز قىلىق ۋە پەزىلەت بىر شەخسنىڭ «ئۆزىگە خاس» ۋە ئۆزى بىلەن تۈگەيدىغان ئىشى بولماستىن، بەلكى باشقا ئادەملەرنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، چوڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىھۇدە غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، قىزىققانلىق ۋە ئالدىراقسانلىقمۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئەخلاقىي ھادىسىلەر بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىگ»دە بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئالىم ئالدىراڭغۇلۇق، ھولۇقۇش ھەم قىزىققانلىق كىشىلەرنى يېڭىلىشكە، خىجىللىق ۋە پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئادەملەرنى تەمكىن، ئېغىر — بېسىق، ئەستايىدىل ۋە سەۋرى — تاقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ:

322. ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.

324. غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر،
قىزىققانلىق ئولساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر.

334. قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقلىدىن قالۇر.

632. شېشىپ قىلغان ئىشلار ھامان خام قالۇر،
چالا پىشقان ئاشتىن كېسەللىك كېلۇر.

1310. ھولۇقما ھەر ئىشتا سەۋرىلىك زۆرۈر،
سەۋرىلىك كىشىلەر تىلەككە يېتۇر.

4. ئەخلاقىي باھا مەسىلىسى: ـ بۇ ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئىگەللەش بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە بۇ ھەقتە كۆپ توختالغان.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەركىتى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي نىزام ۋە مىزانغا ئۇيغۇن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر قايسى سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۆز قارىشى ھەمدە ئۇلارنى ئايرىش ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ، بۇ ئوخشىماسلىق كىشىلەرنىڭ سىنىپىي مەيدان ۋە مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ھېچقاچان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، بىر ئىش ـ ھەركەت ياكى بىرەر ئىجتىمائى تەشەببۇسنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە قاراش كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىياسى جەھەتتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىش ـ ھەركەت ياخشىلىق بولىدۇ، ئەكس ھالدا بولسا، يامانلىق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان ياخشىلىق ھەم ئۇ قارشى تۇرغان يامانلىق ئۆز دەۋرىدىلا ئاكتىپ، ئىجابى مەزمۇن ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

3271. خەلققە بېرىش نەپئى ـــ ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ نەپئى بىلەن خەلق تاپقاي ھوزۇر.

3935. كىشى ياخشى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا شۇ ياخشى.

345. يۈرى، ياخشىلىق قىل ئەي ياخشى كىشى،
ئۇكۇشلۇق ھامان ياخشىنىڭ ئىشى.

بۇ يەردە ئالىم ياخشىلىقنى بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭدىن خەلق ھەقىقەتەنمۇ مەنپەئەت ئېلىپ خوشال بولۇشى بىلەن زىچ

باغلايدۇ. خەلققە كۆيۈنۈش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولسا، ياخشى ئادەمنىڭ تۈپ سۈپەتلىك بەلگىسى ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلىپ قويىدۇ.

ئالىم يامانلىقنىڭ نىمىلىگى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى يالغانچىلىق، كاجلىق ھەم بېخىللىق بىلەن باغلايدۇ ۋە بۇ قىلىقلار خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئەمەس، بەلكى شۇ قىلىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىگىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1676. بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن ئېتىمۇ يۈتەر.

1668. بىرى كاجلىق ھەممە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىرى يالغان قىلار بولسا سۆز.

926. كۆرەرمەن كىشىنىڭ قىلىغى گەر يامان،
ھوزۇرى ئاز ئېرۇر، كۆپى پۇشايمان.

349. تىلەككە يېتەر ياخشى كۈندە يېگى،
كۈنىگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۇڭى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە يامانلىقنىڭ، يەنى دۇرۇس يولدا ماڭمىغان، ئەخلاقىي نىزام ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەختسىزلىك، قايغۇ - ھەسرەت ۋە پۇشايمان بىلەن باغلايدۇ.

ماركسىزملىق ئېتىكا ئىلمى كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىش - ھەركىتىگە ئەخلاقىي جەھەتتىن تولۇق جاۋاپكار بولۇشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ئەخلاقىي باھادىكى ئاساسىي مەقسەت — ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي جاۋاپكارلىق ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ياخشى ئىش، ياخشى قىلىق ئۈچۈن ئەخلاقىي جەھەتتىن رازى بولىدىغان، يامان ئىش، يامان قىلىقنى ئۆزى تەنقىتلەيدىغان بىرخىل ئىچكى روھىي كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى تاللاش، باھالاش ۋە ئۆلچەشتىكى قىبلىنامىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي باھا مەسىلىسىدە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدىكى بايانى — ياخشىلىقنىڭ ۋە ياخشى ئادەمنىڭ سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيىتى، ياخشىلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، ياخشى ئەخلاق، ياخشى قىلىقنى تاللىۋېلىش ۋە ياخشى ئادەم بىلەن دوست بولۇشنىڭ زۆرۈرلىگى ھەم پايدىسى، شۇنىڭدەك يامانلىقنىڭ ۋە يامان

ئادەمنىڭ سۈپىتى ھەم خۇسۇسىيىتى، يامانلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، يامانلىقنىڭ زىيىنى، يامان ئادەم ـ يامان قىلىقتىن يىراق تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىگى ۋە پايدىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىملىك باي مەزمۇننى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەمدە يەنە بىر قاتار ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە تەشەببۇسلارنىڭ بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن 11 ـ ئەسىردىكى فېئوداللىق دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئالىمنىڭ ئەينى زاماندىكى ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىرىپ يەتكەن ئەخلاقىي مەنزىلىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ۋە يۇقۇرى ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 3

ئەخلاقىي تەربىيە مەسلىسى «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىغا باشتىن ـ ئاخىرىسىغىچە سىڭدۈرۈلگەن مۇھىم بىر ئىدىيە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىگ»نى ھەتتا بىر چوڭ ئەخلاقىي تەربىيىۋى ئەسەر دىيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەخلاقىي تەربىيە دىگىنىمىز ـــ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي بۇرچىنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مەقسەتلىك، ئۇزۇن مۇددەت ۋە تەكرار ھالدا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىدە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيە ۋە پەزىلەتنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇئادەتتە ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي قىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ئادەملەر ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەركىتىگە باھا بېرىشتىكى ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئايلىنىدۇ.

ئالىم داستاندىكى پېرسوناژلاردىن ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ نەسىھىتى شەكلىدە ئاۋام خەلقمۇ ۋە ھۆكۈمدار بەگلەرمۇ ئەخلاقىي ـ پەزىلەت جەھەتتىن ئۆزىنى تەربىيىلىشى لازىملىقى، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش ـــ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە بەخت ـ سائادەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ:

284. پەزىلەت كىرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قۇلان تۇتقىلى كۆر، كىرەك ئارسلان.

281. جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىك،
كىرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

بۇيەردەمۇئەللىپ بىر تەرەپتىن ھالال ياشاش ۋە دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇشنى گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت بىلەن باغلايدۇ، پەزىلەتلىك ئادەمنى قۇلان تۇتالايدىغان باتۇر ئارسلانغا ئوخشىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، بىلىملىك بولۇش بىلەن باغلايدۇ. بۇنى يەنە بىرقانچە بېيىتلاردىكى بىلىم كىشىگە ئەقىل ـ پاراسەت

بىرىپ، ئۇنى يامان قىلىق ۋە يامان ئادەتلەردىن چەكلەپ تۇرىدىغانلىقى، بىلىم ئادەملەرنى يۇمشاق، مۇلايىم، تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، چىدامىلىق ۋە غەيرەتلىك بولۇشتەك ياخشى قىلىق ۋە ياخشى پەزىلەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالىم يەنە داستاندا ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا نەسىھەتى شەكلىدە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمدار - بەگلەرنى ئەمەلدار بولۇپ ھوقۇق تۇتۇش بىلەنلا، ئەقىل - ھۇشىنى يوقىتىپ كۆرەڭلەپ كەتمەي، تاكى قېرىپ ئالەمدىن ئۆتكىچە كىچىك پېئىل بولۇش، ئەلگە ياخشىلىق تىلەش ۋە خەلققە ياخشىلىق قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش لازىملىقىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرالماي قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ:

551. ئەي دۆلەت ئىگىسى بو دۆلەت بىلە —
تۇراي مەن دىسەڭ سەن ياخشىلىق تىلە.

552. ساڭا تەگسە بەگلىك، ئۇلۇغلۇق نۇقۇل،
ئاقارغىچە باشىڭ كىچىك پېئىل بول.

دەرۋەقە، ئالىمنىڭ بۇ تەلەپلىرى ئەينى زاماندا بىر ئوتۇپىيىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە رىيال تارىخنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەملەردىكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەربىيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئالىمنىڭ نەزىرىدە، بىر ئادەمنىڭ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەقلىي بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆزلۈكسىز يۇقۇرى كۆتىرىشكە باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق پەزىلەت دۆلەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ۋە پۇخرالار ئۈچۈن پايدىلىق خىزمەتلەرنى كۆپلەپ ئىشلەش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ھەم راۋاجلىنىدۇ. ئەسەردە تەشەببۇس قىلىنغان ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇن جەھەتتىن باي، مەنىسى كەڭ ۋە ئۇسۇلى ھەرخىل بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى، بولۇپمۇ، چوڭ دانىشمەن پەيلاسوپ، ئەخلاق ۋە قانائەتچانلىقنىڭ سىمۋولى ئودغۇرمىشنىڭ كۈن تۇغدى ئىلىگ ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن قىلغان بىر نەچچە قېتىمقى سوئال - جاۋاپ شەكىللىك سۆھبىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، بىز بۇ يەردە ئايرىم نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت شۇنىلا ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، گەرچە ئەخلاقىي تەربىيە توغرىسىدىكى بۇ قاراشلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە رىيال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان پەندى - نەسىھەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىمنىڭ ئەينى زاماندا ئەخلاقىي تەربىيىگە ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ

مۇھىملىقى ۋە رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىز ئۈچۈن بىزنى قىممەتلىك ئىدىيىۋى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدغۇرمىشنىڭ رىيال دۇنيادىن تامامەن قول ئۈزۈپ، زاھىتلىق يولىغا مېڭىشتەك تەربىيىلىنىش ئۇسۇلىغا كۈن تۇغدى ئېلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ قېتىلمايدىغانلىقى، ئۇلار ئۇدغۇرمىشنى جەمئىيەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنى خەلققە خىزمەت قىلىشتىن ئىزلەشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى تونۇتقانلىقى ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە توغرىسىدا يەتكەن مەنزىلىنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

× ×

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن بىر چوڭ ئەدەبىي، ئىجتىمائىي ئەسەر؛ بۇنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ شۇ دەۋردە تونۇلغان ئاتاقلىق بىر سىياسىي ئەرباپ ۋە قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ئۇبۇل ھەسەن بۇغراخاننىڭ خاس ھاجىبى بولغاچقا، پەلسەپە تارىخى ۋە ئېتىكا تارىخىدىكى بارلىق ئىدىيىۋى مىراسلارغا ئوخشاشلا بۇ داستاندا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ئىدىيىلەرمۇ تارىخى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئاپتورنىڭ سىنىپىي ئورنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىغان. ئالىم بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ، خەلققە خىزمەت قىلىشنى ئەڭ چوڭ بەخت ۋە يۈكسەك گۈزەل ئەخلاق دەپ بىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەخلاقىي تەشەببۇسىغا زىت كېلىدىغان بەزى پاسسىپ پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: ئۇ ئاۋام خەلقنى «يېنىك ھەم ئالدىراقسان، قوپال ۋە شاللاق» مىجەزلىك كېلىدۇ، خەلقنىڭ «رەڭگى قارا، بەگلەر ئاق» بولىدۇ، دەپ ئاممىنى پەس كۆرىدىغان ۋە ھۆكۈمران خان ـ بەگلەر تەبىقىسىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان خاتا ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان: خەلق ئاممىسىنى «قوپال»، «سوغاق»، «قىلىقسىز»، «بىلىمسىز، ئەقلى يوق» دەپ، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى بولسا قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان، سىلىق، ئەدەپلىك، بىلىملىك ۋە ئەقىللىق دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى ئاۋام خەلقتىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. لېكىن شۇ ئاۋام خەلقسىز «ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقى»نى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بۇ ھۆكۈمدار بەگلەرنى «كۆڭۈلدە غەش ساقلىماي» ئامىغا «ياخشى سۆزلۈك بولۇش»قا نەسىھەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلق ئاممىسىنى «گېلىدىن بۆلەك نېمىنى ئويلىمايدىغان»، «شۇ بىر گال ئۈچۈن» ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان، ھەتتا «چېك تۇتمىسا، ھاكىم بولۇشقىمۇ ئۇرۇنىدىغان» ياۋايى مەخلۇققا ئوخشىتىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنى بۇنىڭغا «دىققەت قىلىش» ئۆزنى «ياخشى كۈزىتىش» ۋە خەلقنى «چېك تۇتۇش»قا ئاگاھلاندۇرغان ۋاھاكازالار.

شۇڭا بىز «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى، جۈملىدىن، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، مەسىلىنى ماركسىزىملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئاستىغا قويۇپ كونكرېت تەھلىل قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنىڭ قىممىتىنى دىگۈدەك باھالاپ، ئۇنى تولۇق قېزىپ چىقىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تارىخى ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكىنىمۇ يېتەرلىك مۆلچەرلەپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى تالللۇۋېلىشىمىز لازىم.

**ھېكمەتلىك سۆزلەر**

پەيلاسوفلار مۇنداق دىگەن:

كىمنىڭ ھىممىتى بەلەن - يۇقۇرى بولسا، ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىمۇ بەلەن - يۇقۇرى بولىدۇ.

× ×

كىمنىڭ سۆزى توغرا بولسا، ئۇنىڭ جامالى يورۇق، قەدرى ئارتۇق بولىدۇ.

× ×

كىمنىڭ زۇلمى ۋە تەئەددىسى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ زاۋالى يېقىن، ھالاكى تېز بولىدۇ.

«فەۋا كەلجۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# «قۇتادغۇبىلىك»دىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار ھەققىدە

مەھەممەت ئوسمان

«قۇتادغۇبىلىك»داستانى 11 ــ ئەسىر قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى. ئۇ، 11 ــ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدە، جۈملىدىن مەملىكىتىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، ئالىملارنىڭ دىققەت ــ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ كۈچەيگەن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋردە ياشىغان بولۇپ، ئۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىلىم ــ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان كەڭ بىلىمگە ئىگە ئالىمدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ راتسىيونالىزىملىق كۆز قاراشلىرى بىلەن غايىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرىنى ھەممە ئۆزى بىۋاسىتە كۆزەتكەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «قۇتادغۇبىلىك»دە ئومۇملاشتۇرغان. ئۇ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئىلىم ــ پەن نامايەندىلىرىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلىم ــ پەن ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ــ پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەرغىب قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش كۆزقاراشلىرىنى ئەينى زامان شارائىتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى، بىۋاسىتە ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى ئۇستىلىق بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان دىيالوگ شەكلىدىكى داستان ژانىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئاسترونومىيىگىمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىلىپ، ئەينى زامان ئاسترونومىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە كوسمولوگىيىلىك كۆزقاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرۇج توغرىسىدىكى ۋە باشقا

تەبىئەت كۆزقاراشلىرىدا، ئۆزدەۋرىنىڭ فېئوداللىق مۇھىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ۋە روھانىيەتچىلىكتىن خالى بولالمىغان كوسمولوگىيىلىك كۆز قارىشى بويىچە، ئوتتۇرا ئەسىر ئاسترونومىيىسىنىڭ ئورگىنال تېمىسى بولغان ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى روھىي كۈچكە باغلاپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆبېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم كۆز قارىشىدىكى بۇ خىل نۇقسانلاردىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم - پەن نامايەندىلىرىدىن بولغان مەھەممەت مۇسا خارازمى، ئەبۇ نەسىرفارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىلارمۇ خالى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىسلام تەسىرى كۈچەيگەن فېئودال مۇھىت ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەن ئەرباپلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۆز تامغىسىنى باسماي قالمايتتى. بۇ رىيال مۇھىت شارائىتىدا بەزى ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى زور ئېھتىياتچانلىق بىلەن بايان قىلغان. بەزىلىرى ئىدىيالىستىك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى پەش قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىشى نەتىجىسىدە، ئىستىخىيىلىك - ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىمۇ دەل شۇنداق ئىجتىمائى مۇھىتتا يېزىلدى، بۇ خىل مۇھىتئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا ھەمدە ئىجادىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ، بىز ئۇنىڭ تەڭرى مەدھىيىسىدىكى:

4781. ئىگەمنى ئىستەيمەن، كۆزدە ئۇيقۇم يوق،
تاپسامۇ نىشاندىن، ھېچ كۆرگىنىم يوق.

12. ئىرور بارلىغىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تىڭىگە يېتۈچى كۆڭۈل - ئەقىل يوق.

17. ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر قىياس.

دېگەن مىسرالىرىدىن تارىخىي ئىدىيالىزىم دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بۇنى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرۇج بايانىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

125. ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى.

127. ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزى ئۇ،
ياراتتى قاراتۇن ۋە كۈندۈزى ئۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ»دىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر يۇ-
رۇش تەبىئەت پەلسەپە كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇنىڭدا گىرىك ئاس-
ترونومى كلاۋدى پىتولىمىنىڭ ئالەم سىستېمىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونومى فارابى،
بىرونىلارنىڭ ئىلغار ئالەم كۆز قاراشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئەينى زامان ئاسترونومىيە
ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز-
قاراشلىرى ئەينى زاماندىكى ھەر خىل روھانىيەتچىل كۆزقاراشلاردىن خېلى يۇكسەك تۇر-
دۇ. مۇئەللىپنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى يەتتە يۇلتۇز بايانىدامۇنداق يېزىلغان:

131. بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرۇچتا قالۇر.

132. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر بىر بۇرۇچتا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

133. ئۈچىنچى كۈرودۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134. تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135. بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرۈرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقۇرىدىكى بايانلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى،

ئۇ، ئەينى زامان ئاسترونومىيىسىنىڭ يۇقۇرى چېكى ھېساپلانغان، يەر مەركەز چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغان كلاۋدىپتولېمىنىڭ ئالەم سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرنى ئالەمنىڭ مەركىزى، قۇياشنى سەكەنتىر (ساتورىن)، ئوڭاي (يوپىتىر)، كۈرۈد (مارس)، سەۋىت (ۋېنېرا)، ئارزۇ (مېركورى)لار بىلەن بىللە ئوخشىمىغان ئوربىتالارنى بويلاپ يەرنى ئەگىپ ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان پلانىتا دەپ چۈشەندۈرگەن؛ قۇياشنى شۇ پلانىتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىن - بىر ئاسمان جىسمى دەپ تونۇپ، ئۇنى يەر ۋە باشقا پلانىتلار ئۈچۈن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەئى قىلىپ كۆرسىتىپ، قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە يورۇقلۇقىسىز يەردە ھاياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت ئۈستىدە ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە پلانىتلارنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرىنىڭ بىردەك بولمايدىغانلىقىنى، يەرگە نىسبەتەن ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ۋە بۇ پلانىتلارنىڭ ھەركەت يوللىرىنىڭ ھەر خىل تەكشىلىكلەردە ياتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ پلانىتلارنى تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ خاراكتىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئىزاھلىغان؛ مەسىلەن، ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس پلانىتىنى ئاپەت، ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا پلانىتىنى خۇشاللىق خاراكتىر سىتكىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرۇج باياندا ۋە 16 - بابىدىكى ئايتولدىنىڭ ئىلىگكە جاۋاۋىدا:

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

731. ئاي ئاۋال تولسىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقۇرى چىقۇر.

733. تولۇپ ئاي ئىگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن،
كېمىيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734. يورۇغى ئاز - ئازدىن يەنە يوقلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ قايتىدىن تولۇر.

743. بۇ ئاينىڭ ئۆيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ،
مۇنقەلىپ قالار ئۆيسىز ئاخىر بېرىپ.

744. بۇ ئاي بۇرچى سەرەتان، بۇ بۇرۇج ئۆزگىدۇر،
ئۆيى ئۆزگىدۇر ھەم ئۆزى چۆرگىلۇر.

745. قايۇ ئۆيگە كىرسە بۇ ئاي تېزچىقار،
چىقىشقا ئالدىراپ ئۆيىن تېز بۇزار.

دەپ كۆرستىش بىلەن يەرنىڭ ھەمرىيى ئاي ئۈستىدە توختالغان، ئاينىڭ دۈگىلەك شەكلىدىكى يورۇقلۇق چىقارمايدىغان، پەقەت قۇياشنىڭ يورۇقلۇغى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان يەرگە ئەڭ يېقىن ئاسمان جىسمى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاينىڭ يەر ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن بىرگە داۋاملىق يۇلتۇزلار ئارىسىدا بەلگىلىك يۆنىلىش بويىچە سۈرۈلۈپ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يولىنىڭ زودىياك يۇلتۇز تۈركۈملىرى بويىچە ئۆتىدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىپ بەرگەن. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاينى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى ھەركەتكە — پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ سوتكىلىق ئايلىنىشىغا ۋە ھازىرقى، يەر ئەتراپىدىكى سوتكىلىق ئايلىنىشقا قاتنىشىدۇ — دەپ تونۇغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بۇ بايانىدا ئاي فازىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىۋى ۋە ئاي فازىلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بىر قاتار ھالقىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىيالېكتىك كۆزقاراش بىلەن ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاي فازىلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەپلىرىنى ئاينىڭ ئۆز يورۇقلۇغىنىڭ بولمىغانلىقىغا ۋە ئاينىڭ ئورنىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ، يەرگە نىسبەتەن ھەر خىل ئورۇنلاردا بولۇشىغا باغلاپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئاي فازىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسەن، ئاۋال تۇغۇلۇش، چوڭىيىپ تولۇش، ئارقىدىن كىچىكلەپ يوقىلىش تەرتىۋى بويىچە دەۋرى قىلىپ، تەكرارلىنىپ بارىدىغانلىقىنى روشەن بايان قىلغان.

131. بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرۇچتا قالۇر.

132. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوكاي،
قالۇر بىر بۇرۇچتا ئۇدۇل ئون ئىككى ئاي.

دىگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بولغان بەش پلانېتىنىڭ ئىچىدە ساتورىن ۋە يوپىتېرلارنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرلىرىنىڭ ئايرىم — ئايرىم ھىساپلاپ ئېنىقلىنىپ چىقىلغان يىللىرىنى يەرنىڭ ئون ئىككى بۇرۇچ ئاساسىدىكى يىلغا سىنۇندۇرۇپ، ئۇنى بۇرۇچ بويىچە كۆرسەتكەن. شۇ بويىچە ئالغاندا، ساتورىن پلانېتىسىدىكى بىر ئاي يەردىكى ئون ئىككى ئايغا باراۋەر بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە ئېنىقلانغان ئاي سانلىرى بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ساتورىن پلانېتىسىنىڭ ئۈچ ئاي، يوپىتېر پلانېتىسىنىڭ يېرىم

ئاي پەرق قىلىدۇ. يەرگە سۈندۇرۇپ ھىساپلانغان بىر بۇرۇچ ۋاقتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجە-
سىنى ئالغاندا ساتورنىنىڭ 87.9%گە،يوپىتېرنىڭ 98.8%گە يېتىپ بارىدۇ. بۇلاردىن، يۇل-
تۇز ۋە پلانېتلارنى كۈزىتىشنىڭ ھېچقانداق ۋاستىلىرى تېخى كەشپ قىلىنمىغان ئەينى زا-
ماندا، ئاددى كۆزلەر بىلەن كۈزىتىپ، پلانېتلارنىڭ بۇرۇچلۇق ۋاقتىنى (يىلىلىق ھەركەت
دەۋرىنى) يۇقۇرى ئېنىقلىق بىلەن ھىساپلاپ چىقىشتەك ئاسترونومىيە پېنىنىڭ يۈكسەك
تەرەققىياتىنى ۋە يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ يۇقۇرى ئىلمىي ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپخاس ھاجىپ پلانېتلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا قال-
ماي، ئېكلىپتىكا بىسىپ ئۆتىدىغان، يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە ئاسمان بوشلۇغىدا قو-
راللانمىغان ئاددى كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى،ئون ئىككى بۇرۇچ-
قا يەنى زودىياك يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن:

138· ئون ئىككى بۇرۇچ باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

139· قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرەتان تۈرتۈشۈپ يۈرۈر.

140· ئىرور خوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەپ، مىزان.

141· كېلۇر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كۆك بولغۇسى يورۇق.

يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ بۇ بايانىدا قوياش، ئاي ۋە پلانېتلاردىن باشقا يەنە ئون ئىك-
كى بۇرۇچنىڭ بارلىقى تەكىتلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا بىر - بىرى بىلەن خوش-
نا يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئىكەنلىكى ۋە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈ-
نۈشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىغى ھەمدە ھەربىر بۇرۇچنىڭ
بەلگىلىك پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىغى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئون ئىككى بۇرۇچ ئەمەلىيەتتە ئاسترونومىيىدە زودىياك دەپ ئاتىلىپ كىلىۋات-
قان قوياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەركەت يولى يەنى ئېكلىپتىكا ئى-
چىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ نۇر-
غۇنلىرىغا ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنىڭ ئۇيغۇر-
چە ناملىرى قويۇلغان. مەسىلەن: قوۋى (ھەمەل)، ئود (سەۋر)، تە-
رەنتىر (جەۋزا)، قۇچىق (سەرەتان)، ئارسلان (ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇمبۇلە) ئۈلگى

(مىزان)، چادال (ئەقرەپ)، يا (قەۋس)، ئوغلاق (جەددى)، كۆنەك (دەلۋ)، بېلىق (ھوت). ئاسترونومىيىدە بۇ ئون ئىككى بۇرۇج (زودىياك) يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ نامى شۇ بويىچە ھەر خىل تىللاردا ئاتىلىپ كەلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇياشنىڭ ھەرقايسى بۇرۇچلاردا تەخمىنەن بىر ئايغىچە بولىدىغانلىقى ۋە بىر پەسىلدە قۇياشنىڭ ئۈچ بۇرۇچتىن ئۆتىدىغانلىقىغا ھەمدە ھەرقايسى بۇرۇچلاردىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىگە ئاساسەن:

142. ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى؛ ئۈچى كۈزگىدۇر.

دەپ بۇ ئون ئىككى بۇرچنى ئۈچتىن تۆتكە ئايرىپ چىققان.

ئالىم بۇ بايانىدا، ھەمەل، سەۋر، ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىنى باھار بۇرچىغا؛ جەۋزا، سەرەتان، ئەسەت يۇلتۇز تۈركۈمىنى ياز بۇرۇچىغا؛ سۇمبۇلە، مىزان، ئەقرەپ يۇلتۇز تۈركۈمىنى كۈز بۇرۇچىغا؛قەۋس، جەددى، دەلۋ يۇلتۇز تۈركۈمىنى قىش بۇرۇچىغا بۆلۈپ تۆت پەسىلنى ئايرىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى بەزىبىر كۆزقاراشلىرى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا، يېتىلىق ھېساپلانمىسىمۇ، لېكىن ئۆز دەۋرىگە كۆرە ئاسمان جىسىملىرىنى بىلىش ۋە ئىزلىنىش يولىدا قازانغان زور نەتىجە، بولۇپمۇ ساتورن ۋە يوپىتېر قاتارلىق پلانىتلارنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرىنىڭ خېلى ئېنىقلىق بىلەن ھېساپلىنىشى، بۇرۇج (زودىياك) دەپ ئاتالغان ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمى بويىچە پەسىللەرنى ئايرىش، قۇياشنىڭ پلانىتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىن - بىر ئاسمان جىسمى بولۇپ، دۇنيا يورۇقلۇقىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىق ئىكەنلىكى، ئاي فازىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىۋى ۋە ئاي فازىلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەپلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆزقاراشلىرى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدە تەبىئەت پەلسەپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان يۇقۇرىدىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلىرى غايەت زور پەلسەپىلىك ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزقاراشلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ۋە فېئوداللىق ئالاھىدىلىگىنى ھەمدە بىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچراشتەك تەرەپلەرنى ھېساپقا ئېلىش شەرتى ئاستىدا، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننى تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى

نەرسىلەرگە ئاساسەن، تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق كۆزقاراش بىلەن توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇنداقلا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ شانلىق ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىگ» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە، بۇ ئەسەرنىڭ جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەيلاسوفلار مۇنداق دېگەن:

ئەتا ۋە ئېھسان①لارنىڭ ئەڭ قەدىرلىكى كىشىگە سوئالسىز بېرىلگەن ياردەمدۇر.

× ×

بىر كىشىدىن ئۇيات ۋە ھايا كېتىدىغان بولسا، ھايا ئورنىغا بالا (ئاپەت) نىڭ ئوتى ئۈنىدۇ.

× ×

بىر كىشى - بىر كىشىگە بەرگەن ياردىمى ۋە ياخشىلىقىغا مىننەت قىلسا، ئۇنىڭ مەرتلىك قىممىتى تۆۋەنلەپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرى قاچىدۇ.

---

① ئەتا - ئېھسان — ياردەم، ھەدىيە.

«پەۋا كەلچۈلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# فەن جېن ۋە ئۇنىڭ «روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرى

ليۇۋەنيۇ

فەنجېن (مىلادى 450 — 507 - يىللار) ئېلىمىز پەلسەپە تارىخىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپلاردىن بىرى. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي خانلىقلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ دەۋردە بۇددا دىنى مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمران دىن بولۇپ، جۇڭگودا ئۇنىڭ «ماھايانا»مەزھىبى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدا «ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، ئادەم ھايات ۋاقتىدا بۇتقا چوقۇنسا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى باي، ئىسىلزادىلەر ئائىلىسىدە قايتىدىن تۇغۇلۇپ، راھەت تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ، بۇتقا چوقۇنمىسا، ئۇ مۈشۈك، ئىت ۋە چوشقىغا ئوخشاش پەس مەخلۇق بولۇپ تۇغۇلۇپ جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ» دەپ تەرغىپ قىلىنىدۇ. فەنجېن ئۆز زامانىدا يۇقۇرقى كۆز قاراشلارغا قەتئىي قارشى تۇرغان، ئۇ: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلمايدۇ، ئادەم ئۆلگەن ئىكەن ئۇنىڭ روھىمۇ ئۆلىدۇ، دىگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇددا ئەقىدىسىگە قارشى چىققان. بەزىلەر فەنجېنگە نەسىھەت قىلىپ: ئەگەر سىلى «روھ يوقىلىدۇ» دىگەن كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىدىغان بولسىلا دىۋان بېگى بولۇشلىرىغا شەك يوق، دىگەندە، فەن جېن: «ئەگەر مەن روھ يوقىلىدۇ» دىگەن كۆز قارىشىمدىن ۋاز كېچىپ ئەمەلدار بولىمەن دىسەم، ئاللىقاچان باش ۋەزىر بولۇپ كەتكەن بولار ئىدىم، دەپ جاۋاپ بېرىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان.

فەنجېن ئۆز ھاياتىدا خېلى كۆپ ئەسەرلەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ «روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا» دىگەن بۇ ماقالىسى ئەينى زاماندا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان «ئۆزى سوئال قويۇپ ئۆزى جاۋاپ بېرىش» ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېلى ئىلغارلىق ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە. يولداشلارنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا ياردىمى بولار دىگەن ئوي بىلەن قەدىمقى زامان خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

فەن جېن

**سوئال:** جاناپلىرى روھ يوقىلىدۇ دەپلا، ئۇنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىسۇن؟

**جاۋاپ:** روھ تەندىن ئايرىلالمايدۇ، تەن ـ روھتىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. تەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، روھمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تەن يوقىلىدىكەن، روھمۇ يوقىلىدۇ.

**سوئال:** تەن سېزىمسىز بولىدۇ، روھ سېزىملىك بولىدۇ. سېزىمسىزلىك بىلەن سېزىملىك توپ جەھەتتىن ئىككى نەرسىدۇر. روھ بىلەن تەننى پرىنسىپ جەھەتتىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. تەن بىلەن روھ بىرنەرسە دىگەن قاراشقا قوشۇلالمايمەن.

**جاۋاپ:** تەن ـ روھنىڭ ماددى گەۋدىسى، روھ تەننىڭ رولى، دىمەك، تەن ئۇنىڭ ماددى گەۋدىسىگە قارىتىلغان، روھ ـ ئۇنىڭ رولىغا قارىتىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەن بىلەن روھنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

**سوئال:** روھ ـ ماددى گەۋدە ئەمەس ئىكەن، ماددى گەۋدە روھ ئەمەس ئىكەن، بۇلارنى ھەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ نەزىرىيە ئاساسى نىمە بولىدى؟

**جاۋاپ:** روھ بىلەن تەننىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولمىغان بىلەن، بۇلارنىڭ ماھىيىتى بىر.

**سوئال:** روھ بىلەن تەننىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولمىسا، قانداقمۇ بىر نەرسە بولالىسۇن؟

**جاۋاپ:** روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ئۆتكۈرلۈك بىلەن پىچاق بىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تەن بىلەن رولىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى پىچاقنىڭ بىسى بىلەن ئۆتكۈرلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۆتكۈرلۈك دىگىنى ئەلۋەتتە پىچاقنىڭ بىسى دىگىنى ئەمەس، پىچاقنىڭ بىسى دىگىنى ئەلۋەتتە ئۆتكۈرلۈك دىگىنى ئەمەس. بىراق، ئۆتكۈرلۈك بولمىسا، پىچاقنىڭ بىسى بولمايدۇ. پىچاقنىڭ بىسى بولمىسا، ئۆتكۈرلۈكمۇ بولمايدۇ، پىچاقنىڭ بىسى بولماي تۇرۇپ، ئۆتكۈرلۈكنىڭ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلىمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەن ھالاك بولغاندىن كېيىن روھ

قانداقمۇ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟

**سوئال:** پىچاقنىڭ بىسى بىلەن ئۆتكۈرلۈكىنىڭ مۇناسىۋىتى سىلىنىڭ ئېيتقانلىرىدەك بولسۇن، بىراق، تەن بىلەن روھنىڭ داۋلىسى بۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمىز دېگەندە دەل ـ دەرەختىن ئىبارەت جىسىمدا سېزىم بولمايدىكەن، ئادەمدىن ئىبارەت جىسىمدا سېزىم بولىدىكەن، ئادەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشاپ كېتىدىغان ماددى گەۋدىگە ئىگە ئىكەن ھەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىمگىمۇ ئىگە ئىكەن، ئۇنداقتا دەل ـ دەرەختە بىر خىل ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئادەمدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولغان بولىدىغۇ؟

**جاۋاپ:** بۇ قىزىق پاراڭ بولىدىدە! سىلىچە، كىشىلەر دەل ـ دەرەخكە ئوخشايدىغان جىسمىنى ئۆزىگە گەۋدە قىلىپ، دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىمىنى ئۆزىگە روھ قىلغان بولىدىدە! ئەمەلىيەتتە ئادەم سېزىمگە ئىگە، دەل ـ دەرەخ سېزىمگە ئىگە ئەمەس. دېمەك، ئادەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشاش جىسىم ئەمەس، دەل ـ دەرەخمۇ ئادەمگە ئوخشاش جىسىم ئەمەس، بۇنداق بولغاندىن كېيىن، كىشىلەردە قانداقمۇ ھەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان جىسىم ھەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىم بولسۇن؟

**سوئال:** ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدۇكى، ئۇنىڭدا سېزىم بار، ئەگەر ئادەمدە سېزىم بولمىسا، ئۇنىڭ دەل ـ دەرەختىن نىمە پەرقى بولسۇن؟

**جاۋاپ:** دەل ـ دەرەخ سېزىمسىز جىسىم بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم سېزىمگە ئىگە جىسىمدۇر.

**سوئال:** ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدى سېزىملىك جىسىم بولىدىدە؟

**جاۋاپ:** سېزىمسىز جىسىم بولىدۇ.

**سوئال:** ئۇنداق بولسا، ئادەم ھەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشاپ كېتىدىغان ماددى گەۋدىگە ئىگە ھەم دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىمگە ئىگە بولغان بولىدىدە؟

**جاۋاپ:** ئۆلگەن ئادەمدە دەل ـ دەرەخكە ئوخشاپ كېتىدىغان ماددى گەۋدە بولىسىمۇ، بىراق دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىم بولمايدۇ، ھايات ئادەمدە دەل ـ دەرەخكە ئوخشىمايدىغان سېزىم بولىدۇ ـ دە، دەل ـ دەرەخلكە ئوخشاپ كېتىدىغان ماددى گەۋدە بولمايدۇ.

**سوئال:** ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنى ھايات ئادەمنىڭ تېنى بولىدىغۇ؟

**جاۋاپ:** ھايات ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنى ئەمەس، ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنىمۇ ھايات ئادەمنىڭ تېنى ئەمەس. بۇ زادى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسە، ھايات ئادەمنىڭ تېنىدە قانداقمۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدى بولسۇن؟

**سوئال:** ئەگەر ھايات ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدى بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدى ھايات ئادەمنىڭ تېنىدىن بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ھايات ئادەمنىڭ تېنىدىن بولمىسا، جەسەت نەدىن كېلىدۇ؟

**جاۋاپ:** هايات ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدىگە ئايلىنىدۇ.

**سوئال:** هايات ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدىگە ئايلانسا، ئۇنداقتا، هاياتلىقتىن ماماتلىق بولىدۇ دېگەن بولمامدۇ؟ دېمەك، هايات ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدى بولىدىغۇ؟

**جاۋاپ:** ئەگەر كۆكەرگەن دەرەخ قۇرۇغان دەرەخكە ئايلىنىدۇ دەپ هۆكۈم قىلىنسا، قۇرۇغان دەرەخنىڭ جىسمى قانداقمۇ كۆكەرگەن دەرەخنىڭ گەۋدىسى بولىدۇ دەپ ئېيتالىسۇن؟

**سوئال:** كۆكەرگەن دەرەخنىڭ گەۋدىسى قۇرۇغان دەرەخنىڭ گەۋدىسىگە ئايلانسا، ئۇنداقتا، قۇرۇغان دەرەخنىڭ گەۋدىسى كۆكەرگەن دەرەخنىڭ گەۋدىسى بولىدىدە. خۇددى يىپەكتىن ئىبارەت جىسىم يىپتىن ئىبارەت جىسىمغا ئايلانغانغا ئوخشاش، يىپتىن ئىبارەت جىسىممۇ يىپەكتىن ئىبارەت جىسىم بولىدىدە. ئۇ ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ پەرقى نېمە بولىدى؟

**جاۋاپ:** ئەگەر سىلىنىڭ پىكىرلىرى بويىچە قۇرۇغان دەرەخ كۆكەرگەن دەرەخ بولىدۇ، كۆكەرگەن دەرەخ قۇرۇغان دەرەخ بولىدۇ دەپ قارالسا، ئۇنداقتا، كۆكەرگەن ۋاقىتتىلا غازاڭ بولىدىغان، قۇرۇغاندا مېۋە بولىدىغان، كۆكەرگەن دەرەخ قۇرۇغان دەرەخكە ئايلانماسلىقى كېرەك. سىلىنىڭ پىكىرلىرى بويىچە كۆكەرگەن دەرەخ قۇرۇغان دەرەخ بولىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا، قۇرۇغان دەرەخنىڭ كۆكەرگەن دەرەختىن ئۆزگىرىشىنىڭمۇ هاجىتى قالمايدۇ. سىلىنىڭ پىكىرلىرى بويىچە كۆكەرگەن دەرەخ بىلەن قۇرۇغان دەرەخ ئوخشاش بولسا، نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇرۇغان دەرەختىن كۆكەرگەن دەرەخكە ئايلانماستىن، كۆكەرگەن دەرەختىن قۇرۇغان دەرەخكە ئايلىنىدۇ؟ بۇنىڭ داۋلىسى نېمە؟ دېمەك، يىپەك بىلەن يىپ ئەينى بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت دېگەننى تەمسىل قىلماسلىقى كېرەك.

**سوئال:** ئادەمنىڭ تېنى ئاجىزلاشقاندا دەرهال ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولماي تەدرىجى ئۆلىدۇ؟

**جاۋاپ:** ئومۇمەن ياشايدىغان ۋە ئۆلىدىغان جىسىملارنىڭ هەممىسى مەلۇم زەت تەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. تەسادىپى بولىدىغان نەرسىلەر مۇقەررەر تەسادىپى يوقىلىدۇ. تەدرىجى بولىدىغان نەرسىلەر مۇقەررەر تەدرىجى يوقىلىدۇ. مەسىلەن: تەسادىپى بولىدىغان نەرسىلەرگە بوران - چاپقۇنلار كىرسە، تەدرىجى بولىدىغان نەرسىلەرگە هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر كىرىدۇ، تەسادىپى بولىدىغىنى بولىدۇ هەم تەدرىجى بولىدىغىنىمۇ بولىدۇ، بۇ، شەيئىنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

**سوئال:** تەن روهتىن ئايرىلالمايدۇ دېيىلا، ئۇنداقتا، قولغا ئوخشاش ئەزالارمۇ روهقا ياتامدۇ؟

**جاۋاپ:** هەممىسى روهقا ياتىدۇ.

**سوئال:** ئەگەر قولغا ئوخشاش ئەزالارمۇ روهقا ياتسا، روه — ئوي - پىكىر قىلالايدۇ، قولغا ئوخشاش ئەزالارمۇ ئوي - پىكىر قىلالىشى كېرەككۇ؟

**جاۋاپ:** قولغا ئوخشاش ئەزالاردا ئاغرىش، قىچىشىشتەك سېزىم بولىدۇ. بىراق،

ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئوي ـ پىكىر بولمايدۇ.

**سوئال:** سېزىم بىلەن ئوي ـ پىكىر بىرمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟

**جاۋاپ:** سېزىم ئوي ـ پىكىر دېمەكتۇر. يۈزەرەكى سېزىم دېيىلىدۇ، چوڭقۇرراغى ئوي ـ پىكىر دېيىلىدۇ.

**سوئال:** بۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىككى خىل ئوي ـ پىكىر بولغان بولىدىدە. ئوي ـ پىكىر ئىككى خىل بولسا، روھمۇ ئىككى خىل بولامدۇ؟

**جاۋاپ:** ئادەمنىڭ تېنى بىر تۇرۇقلۇق، روھ نەدىن ئىككى بولسۇن؟

**سوئال:** ئەگەر روھ ئىككى بولمايدىغان بولسا، قانداقمۇ ھەم ئاغرىش، قىچىشىشنى سېزەلەيدىغان سېزىم، ھەم ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئوي ـ پىكىر بولسۇن؟

**جاۋاپ:** گەرچە قول بىلەن پۇتنىڭ پەرقى بولسىمۇ ھامان بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ ئەزادۇر. ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش بىلەن ئاغرىش، قىچىشىشنى سېزىش گەرچە ئوخشىمىسىمۇ ھامان بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ روھتۇر.

**سوئال:** ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىدىغان ئوي ـ پىكىرنىڭ پۇت ـ قول بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا نېمە بىلەن مۇناسىۋىتى بولىدۇ؟

**جاۋاپ:** ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىدىغان ئوي ـ پىكىر يۈرەكتىن ئىبارەت ئەزا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ.

**سوئال:** يۈرەك ئىچكى بەش ئەزانىڭ بىرسىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

**جاۋاپ:** شۇنداق، ئىچكى بەش ئەزانىڭ بىرسى.

**سوئال:** ئىچكى بەش ئەزالارنىڭ پەرقى بارمۇ؟ بۇلاردىن نىمىشقا يالغۇز يۈرەكلا ئوي ـ پىكىر قىلىش رولىنى ئوينىيالايدۇ؟

**جاۋاپ:** باشتىكى 7 ئەزانىڭ پەرقى نەدە؟ ئۇلارنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**سوئال:** ئوي ـ پىكىرنىڭ چېكى يوق، ئۇنى يۈرەكنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن؟

**جاۋاپ:** يۈرەك كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، ئوي ـ پىكىرنىڭ رولى نورماللىسزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن يۈرەك ئوي ـ پىكىرنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**سوئال:** ئوي ـ پىكىرنى كۆز قاتارلىق ئەزالارغا يۆتكىگىلى بولمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟

**جاۋاپ:** ئەگەر ئوي ـ پىكىرنىڭ رولىنى كۆزگە يۆتكىگىلى بولسا، ئۇ ھالدا كۆزنىڭ رولىنى نېمە ئۈچۈن قۇلاققا يۆتكىگىلى بولمايدۇ؟

**سوئال:** ئوي ـ پىكىرنىڭ ئۆزى ئاساسقا ئىگە ئەمەس. شۇڭا، ئۇنى باشقا ئەزالارغا يۆتكىگىلى بولىدۇ، كۆزنىڭ ئۆزى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقتىن، شۇڭا ئۇنى باشقا ئەزالارغا يۆتكىگىلى بولمايدۇ.

**جاۋاپ:** نېمە ئۈچۈن كۆزنىڭ ئاساسى بولىدۇ - يۇ، ئۆي - پىكىرنىڭ ئاساسى بولمايدىكەن؟ ئەگەر مېنىڭ ئۆي - پىكىرىم ئۆزەمنىڭ تېنىمدە ئاساس بولماي تۇرۇپ ئۇنى باشقا تەرەپلەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئانىڭ ھېسسىياتىنى ب نىڭ تېنىگە، ت نىڭ مىجەزىنى ج نىڭ تېنىگە يۆتكىگىلى بولىدۇ - دە؟ شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەستۇ.

**سوئال:** «ئەۋلىيالار»نىڭ تېنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تېنى بىلەن ئوخشايدۇ، بىراق، ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن «ئەۋلىيالار»نىڭ پەرقىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەن بىلەن روھنىڭ ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

**جاۋاپ:** ئۇنداق ئەمەس، ساپ ئالتۇن پاقىرايدۇ. ئارىلاشما ئالتۇن پاقىرىمايدۇ. پاقىرايدىغان ساپ ئالتۇن ئىچىدە قانداقمۇ پاقىرىمايدىغان ئارىلاشما ئالتۇن بولسۇن؟ دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئەۋلىيالار»نىڭ روھىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تېنىگە يۆتكىگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ روھىنىمۇ «ئەۋلىيالار»نىڭ تېنىگە يۆتكىگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ياۋنىڭ قېشى رەڭگا - رەڭ ئىكەن، شۇننىڭ كۆزقارچۇغى قوش ئىكەن، خاڭدىنىڭ پېشانىسى ئەجدەرھاغا ئوخشايدىكەن، گاۋتاۋنىڭ ئاغزى ئاتنىڭ تۇمشۇغىغا ئوخشايدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەننىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. بىگەننىڭ يۈرىگى 7 تۆشۈكلۈك بولغىنىمىش، جاڭ ۋېنىڭ يۈرىگىنىڭ چوڭلۇغى مۇشتەك بولغانمىش، بۇ ئىچكى ئەزالارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. دېمەك، بۇنىڭدىن «ئەۋلىيالار»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، تېنى جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىمۇ كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن «ئەۋلىيالار»نىڭ تېنى ئوخشاش دېگەن سۆز مەنچە مۇۋاپىق ئەمەس.

**سوئال:** سىلى «ئەۋلىيالار»نىڭ تېنى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن پەرقلىنىدۇ، دەيلا، شۇنى سوراپ قالايكى، ئۇنداقتا، ياڭخۇنىڭ چىرايى كۇڭزىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، شياڭيۈينىڭ كۆزى شۇنغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، شۇن، شياڭيۈي، كۇڭزى ۋە ياڭخۇلارنىڭ چىرايلىرى ئوخشاپ كەتكەن بىلەن ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ئوخشىمايدىكەنغۇ؟ بۇنىڭ سەۋەۋى نېمە؟

**جاۋاپ:** پاقىرايدىغان تاش قاشتېشىغا ئوخشىغان بىلەن قاشتېشىنىڭ ئۆزى ئەمەس، خوراز سۇمرۇققا ئوخشىغان بىلەن سۇمرۇقنىڭ ئۆزى ئەمەس، شەيئىلەردە ھەقىقەتەن بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت، كىشىلەرمۇ مۇستەسنا ئەمەس. شياڭيۈي، ياڭ خۇلارنىڭ چىرايلىرى شۇن، كۇڭزىلارغا ئوخشاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، دەلمۇ - دەل ئوخشاپ كەتمىگەن. چىرايى ئوخشاپ كەتكەن بىلەن ئىچكى ئەزاسى ئوخشىمىسا يەنە بىكار.

**سوئال:** ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن «ئەۋلىيالار»نىڭ تېنى ئوخشىمايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ پەرقى بار، بۇ چۈشىنىشلىك، «ئەۋلىيالار»نىڭ ھەممىسى كامالەتكە يەتكەن. بۇ داۋلى بويىچە بۇلارنىڭ پەرقى بولماسلىغى كېرەك. بىراق، كۇڭزى بىلەن

جۇگۇڭنىڭ چىرايى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شىياڭتاڭ بىلەن جۇۋېن - ۋاڭنىڭ چىرايىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك، روھنىڭ تەنگە تايانمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

**جاۋاپ:** «ئەۋلىيالار» بىلەن «ئەۋلىيالار»نىڭ ئوخشاپ قېلىشى ئۇلاردا «ئەۋلىيالار»غا خاس ئوي - پىكىرنىڭ بولغانلىقىدا. بىراق، ئۇلارنىڭ تېنىمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك دەپ ئېيتىشنىڭ هاجىتى يوق. مەسىلەن: ئاتلارنىڭ رەڭگى ئوخشىمىغان بىلەن هەممىسى چاپقۇر ئات بولالايدۇ. قاش تېشىنىڭ رەڭگى ئوخشىمىغان بىلەن هەممىسى چىرايلىق بولۇۋېرىدۇ. جىن بەگلىگىدىكى جىسى تېمى بىلەن چۇ بەگلىگىدىكى خىسى تېشىنىڭ قىممىتى شەهەرنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدۇ. جەدە، تورۇق، كۆك ۋە تۇمقارا ئاتلارنىڭ هەممىسى ئۆزۈن سەپەرنى باسالايدۇ.

**سوئال:** تەن بىلەن روھنىڭ ئىككى نەرسە ئەمەسلىگى توغرىسىدا تەلىم ئالدۇق، تەن هالاك بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى هەققىدىكى داۋلىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. بىراق، كونا كىتاپلاردا «ئىبادەتخانىلار سېلىنىپ، جىن - ئەرۋاهلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

**جاۋاپ:** بۇ «ئەۋلىيالار»نىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ رايىغا يول قويۇپ، ئوغرىلىق، هورۇنلۇق ۋە يېنىكلىكتەك خاھىشلارنى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، روھ هەممە نەرسىنى يارىتالايدۇ دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ.

**سوئال:** بويۇۋ ئۆلگەندىن كېيىن جىن بولۇپ ساۋۇتنى كىيىپ جىڭ بەگلىگىگە پاراكەندە سالغانلىقى، پېڭشېڭ ئۆلگەندىن كېيىن چوشقا قىياپىتى بىلەن مەيدانغا چىققانلىقى توغرىسىدا قەدىمقى كىتاپلاردا ئېنىق يېزىلغان تۇرسا، بۇنى پەقەتكىنە ئىلاهى يول بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش دەپ قارىسا بولامدۇ؟

**جاۋاپ:** غەلىتە ئىشلار قاراڭغۇ بولىدۇ، راستۇرىياكى يالغاندۇر. بىراق، بالاغا ئۇچراپ ئۆلگەنلەر ناهايىتى كۆپ. هەممىسىنىڭ جىن - ئالۋاستى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق. نېمە ئۈچۈن يالغۇز پېڭشېڭ بىلەن بويۇۋ جىن - ئالۋاستى بوپتۇ. بىر تۇرۇپ ئادەم، بىر تۇرۇپ چوشقا بولغانلاردىن پەقەت چى بەگلىگىدىكى پېڭ شېڭ بىلەن جىڭ بەگلىگىدىكى بويۇۋ بايۋەچچە بوپتىمە.

**سوئال:** پالنامىدا: «شۇنىڭ ئۈچۈن جىن - ئەرۋاهلارنىڭ ئەهۋالى ئاسمان - زېمىنگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر - بىرىگە زىت كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش لازىم» دەپ يېزىلغان. «بىر هارۋىغا جىن - ئەرۋاهلار قاچىلانغان» دەپمۇ يېزىلغان. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

**جاۋاپ:** ئۇچار قۇشلار بىلەن هايۋاناتلارنىڭ پەرقى ئۇچۇش بىلەن مېڭىشتا. ئادەم بىلەن جىن - ئالۋاستىلارنىڭ پەرقى ئاشكارىلىق بىلەن يوشۇرۇنلۇقتا. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن

جىن بولىدۇ، جىن يوقالغاندىن كېيىن قايتا ئادەم بولىدۇ دىگەننى مەن زادىلا چۈشىنەلمەيمەن.

**سوئال:** روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى داۋلىنى بىلىشنىڭ نىمە ئەمىلىي ئەھمىيىتى بار؟

**جاۋاپ:** بۇددا دىنىنىڭ سىياسىغا قىلىۋاتقان زىيانداشلىقى بىلەن مۇناخلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتكە قىلىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقى خۇددى قاتتىق بوران ۋە تۇمانلارغا ئوخشاش كەڭ تۈردە يېيىلماقتا. مەن جەمىيەتتىكى بۇنداق نۇقسانلاردىن ئېچىنىمەن. ئۇنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇشنى ئويلايمەن. كىشىلەر قانداقتۇر بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىپ، شېيخلاردىن مەدەت سوراپ، بۇتقا باش قويۇشنى خالايدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا ئېتىۋار قىلمايدۇ ۋە نامراتچىلىقىغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەخسى ئويىنىڭ كۆپ بولۇپ كىشىلەرگە ياردەم بېرىش نىيىتىنىڭ ئاز بولغانلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات دوستلىرىغا بىر سىقىم گۈرۈچ بەرسىلا ئۇنىڭ پىخسىقلىق كەيپىياتى دەرھال ئىپادىلىنىدۇ. كاتتا بايلار مۇناخلارغا مىڭ دادەنلەپ ئاشلىق تەقدىم قىلىشمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، ئۆزىنى ناھايىتى چىڭ ھېس قىلىدۇ. بۇ مۇناخلارنىڭ مۇبالىغە قىلىنغان ۋەدىلەرنى بېرەلىگەنلىكى ۋە نامرات دوستلىرىنىڭ بىر شىڭ ياكى يېرىم كۆرەچىلىكمۇ بېرەر نەرسە قايتۇرالمىغانلىقىدا ئەمەسمۇ؟ كىشىلەرنى ئېغىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەم بەرمەيدۇ. ياخشى ئىش قىلىشمۇ پەقەتلا ئۆزىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇددا دىنى چۈشىنىكسىز، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئېزىقتۇرىدۇ. دوزاقنىڭ ئازاۋى بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتىدۇ. مۇبالىغە سۆزلەر بىلەن ئالدايدۇ. جەننەتنىڭ راھىتى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. كىشىلەرنى كۇڭزىچىلارنىڭ كىيىمىنى تاشلاتقۇزۇپ، شېيخلەرنىڭ چاپىنىنى كىيگۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ يوسۇن ۋە ئەنئەنىۋى جابدۇقلار بىكار قىلىنىپ، چايدان، تاماق قاچىسىنى تىزىدۇ، كىشىلەر خانىۋەيران بولۇپ پەرزەنتسىز قالىدۇ. ھەتتا لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى يوقىتىلىدۇ. مەنسەپدارلار ھۆكۈمەتتە تۇرمايدۇ. ئاشلىقنى تەييارتاپ شېيخلەر يەپ تۈگىتىدۇ. بايلىقلارنى ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى سېلىش ئۈچۈن بۇزۇپ چاچىدۇ. «ئامى تابا!» دىگەننى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ ـــ يۇ، لېكىن يامان ئادەملەر ئەسكىلىك قىلىپ كەتسىمۇ ئۇلارنى توسىيالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇددا دىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ مەنبىئىنى توسمىغىچە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بالايى ئاپەت چەكسىز بولىدۇ.

ئەگەر كائىناتنىڭ پەيدا بولۇپ يېتىلىشى ئۆزلۈگىدىن بولىدىغانلىقىنى، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى تامامەن ئۆزىدىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەلىسەك ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسىماسلىقى،

ئۇنىڭ يوقىلىشىدىن ئۆكۈنمەسلىكى كېرەك. تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ھەر كىم ئۆز-لىرىنىڭ تەبىئەتلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىش كېرەك. ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىز-ئېرىقلىرىغا شۈكۈر قىلىشى، ئىسىلزادىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددى - ساددىلىقىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. ئېرىقچىلىق قىلىپ ئوزۇقلانسا ئاشلىقنى يەپ تۈگىتەلمەيدۇ. پىلە قۇرۇت بېقىپ كېيىم قىلسا، كىيىمنى كىيىپ تۈگىتەلمەيدۇ، تۆۋەندە تۇرغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېشىنغان مەھسۇلاتلىرىنى يۇقۇرىدا تۇرغانلارغا تەقدىم قىلسا، يۇقۇرىدا تۇرغانلار ئارىلىشىۋالماسلىق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تۆۋەندە تۇرغانلارغا مۇئامىلە قىلسا، ھايات كۆچۈرگىلى، ئاتا - ئانىلارنى باققىلى بولىدۇ. ھەم ئۆزىنى، ھەم كۆپچىلىكنى رازى قىلغىلى بولىدۇ، دۆلەت خاتىرجەم بولالايدۇ، پادىشا ھۆكۈم سۈرەلەيدۇ، دىمەك، شۇ يولنى تۇتقاندا ئەنە شۇلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەيلاسۇفلار مۇنداق دىگەن:

ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق ئەپۇ بىلەن مۇئامىلە قىلماق بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ كۆركەمرەگىدۇر.

× ×

كۆڭلى ساپ، خۇلقى گۈزەل كىشىلەرنى ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلماق ئەڭ ياخشى ئەخلاقتۇر.

× ×

كۆپ خەلق ئالدىدا بىر كىشىگە نەسىھەت قىلماق ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن سوققانغا ئوخشاش. نەتىجىسى كۆرۈلسۇن دىسەڭ، نەسىھەتنى خالى جايدا قىلغىن.

«فەۋا كەلچۈلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# ئىقتىسادىي تۈزۈلمە توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

رازاق تۆمۈر

پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ ئىنقىلاپ، شۇنداقلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇڭا، بۇ ماقالىدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مۇرەككەپ بىر سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرمۇ كۆپ.

«تۈزۈلمە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدىكى خەنزۇچە مەنىسى «ژانىر»، «تۈزۈلۈش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇرۇن ئەدەبىي – سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ قوللىنىلىپ، ئاساسلىقى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇق چېكىنى ئايرىش قاتارلىق تۈزۈلمىلەرگە قارىتىلىدىغان ئىدى. لېكىن ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان «تۈزۈلمە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ياپون تىلىدىكى «تۈزۈلمە» دېگەن ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسى ئەسلى خەنزۇچە مەنىسىدىنمۇ كەڭ دېيىشكە بولىدۇ. ياپون تىلىدىكى «تۈزۈلمە» — بىئولوگىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، جانلىق ئورگانىزملارنىڭ بەدىنىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خىزمىتى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولغان ئومۇمىي بىر گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىياسىي ئىلىمدا قوللىنىلسا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تەشكىل قىلىدىغان بىر خىل ئەندىزىياكى شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىساتشۇناسلىقتا، ئاساسلىقى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي نەزەرىيە ساھەسىدە « ئىقتى-

سادىي تۈزۈلمە» دىگەن بۇ ئاتالغۇغا نىسبەتەن تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش ۋە تەبىر يوق. لېكىن بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى نەزىرىيە مۇھاكىمە ساھەسىدە نىسبەتەن ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان 3 خىل قاراش مەۋجۇت. خىل بىرىنچى قاراشتىكىلەر: ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە تەشكىللەش شەكلىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىش يوللىرىنىڭ ئومۇملاشقان يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداقلا قاراش بولمىسۇن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخى ئەمدىلا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان ساھە، شۇڭا، ئاساسىي ئۇقۇم جەھەتتە ئۇنداق ياكى بۇنداق ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى تەبىئى. ھالبۇكى بۇنداق قاراشلار، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى نەزىرىيە مۇھاكىمىسىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، تۈزۈلمىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ قەدىمىنىمۇ تېزلىتىدۇ. يۇقۇرقى قاراشلارنىڭ بىر تەرىپى توغرا بولسا، يەنە بىر تەرىپى مۇھاكىمە تەلەپ قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دىگەن بۇ مەسىلىگە، بىر ئىلمىي تەدبىر بېرىش ئۈچۈن، مېنىڭچە ئاۋال ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى تەپسىلى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەندە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىقتىسادىي شەكىل ۋە ئىگىلىك ئۇسلۇبى؛ ئىككىنچىسى — دۆلەتنىڭ ئىقتىساتنى باشقۇرۇشتا يولغا قويغان ئاساسىي پىرىنسىپلىرى؛ بۇنىڭدا، پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش دىگەنگە ئوخشاش پىرىنسىپلار؛ ئۈچىنچىسى — ئىقتىسات باشقۇرۇشتىكى ھوقۇق چېكىنىڭ ئايرىلىشى؛ تۆتىنچىسى — ئىقتىسات باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، جۈملىدىن لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش (تارماقلار بويىچە باشقۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن دائىرە بويىچە باشقۇرۇش (رايون بويىچە باشقۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇناسىۋىتى؛ بەشىنچىسى — دۆلەت، يەرلىك، كارخانا ۋە ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى تەقسىم قىلىش ۋە تەكرار تەقسىم قىلىشنىڭ شەكلى؛ ئالتىنچىسى — ئىقتىساتنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى. جۈملىدىن

ئىقتىسادىي ۋاستە (ئىقتىسادىي پىشاڭ)، مەمۇرى ۋاستە، قانۇنىي ۋاستىلارنى تەتبىقلاش؛ يەتتىنچىسى — ئىقتىسات باشقۇرۇش ئاپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ۋاھاكازالار.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۈز ئىچىگە ئالغان يۇقۇرقى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە» دىگەن بۇ ئۇقۇم — مۇئەييەن ئىجتىمائى ئىقتىسادىي تۈزۈم ئاستىدا، خەلق ئىگىلىگى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋىگە ئاساسەن، ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئۈچۈن قۇرۇلغان ۋە خەلق ئىگىلىگىدىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش، شۇنىڭدەك ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىستىمال قاتارلىق ھالقىلاردىن بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان تەشكىلىي شەكىل، باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋەباشقۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر ئومۇمى سىستېمىنى كۆرسىتىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلساق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئورنىتىلغان خىلمۇ - خىل ئىگىلىك شەكىللىرى. يەنە بىرى: ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى. ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ يەنە ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ماكرو ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى (خەلق ئىگىلىگى ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ دىيىلىدۇ) يەنە بىرسى مىكرو ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى (كارخانىلارنىڭ ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ دىيىلىدۇ).

ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ دائىرىسى ۋە قاتلىمى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دائىرىسى ۋەقاتلىمى شەكىللەنگەن. دۆلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلەت خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بولىدۇ. كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كارخانىنىڭمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بولىدۇ. لېكىن ئىجتىمائى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمى جەريانىدىن ئېيتقاندا، يەنە ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى، ئوبوروت تۈزۈلمىسى، تەقسىمات تۈزۈلمىسى بولىدۇ. خەلق ئىگىلىگىدىن ئىبارەت ئورگانىك گەۋدىنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىچىدە: يەنەسانائەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، سودا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، ماددى ئەشيا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، قاتناش - ترانسپورت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى دىگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەر بولىدۇ. ئىقتىساتنى باشقۇرۇشنىڭ فۇنكىتسىيىسىدىن ئېيتقاندا: پىلان تۈزۈلمىسى، مالىيە تۈزۈلمىسى، باج تۈزۈلمىسى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائى ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مۇئاش تۈزۈلمىسى، باھا تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئادەتتە كىچىك دائىرىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى چوڭ دائىرىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە بېقىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، ھەر قايسى دائىرە ۋە قاتلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن، ئوخشىمىغان دائىرە ۋە ئوخشىمىغان

قاتلاملاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ بىر قۇرۇلما، خەلق ئىگىلىكىدىكى ئوخشىمىغان دائىرە ۋە قاتلاملارنىڭ خىلمۇ - خىل ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى باشتىن-ئاخىرى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر - بىرىنى چەكلەيدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلغاندا، ئەگەر خىلمۇ - خىل ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىسلاھاتنىڭ بىر تۇتاش پىلانى بولمىسا، مەلۇم بىر دائىرە ۋە قاتلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ياكى بىرقانچە دائىرە ۋە قاتلامنىڭلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، باشقا مۇناسىپ دائىرە ۋە قاتلاملارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنمىسا ياكى يېتىشىپ ماڭالمىسا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تېز بولۇپ، ئوبوروت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى يېتىشىپ ماڭالمىغاچقا، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭەيتىلىشىگە بىر ئاز تەسىر يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلگىرى مىكرو ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات قەدىمى تېز بولۇپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈزۈلمىسىنى پىلانلىق ئىسلاھ قىلىش يېتەرلىك بولمىغاچقا، ماكرو ئىقتىسادنى كونتىرول قىلىشتىمۇ يەنىلا مەسىلىلەر يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كاپالەتلىك قىلمىسا بولمايدىغان بولدى. شۇڭا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مەنىسىنى، سىستېمىلىق قۇرۇلۇش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ناھايىتى زۆرۈر. شۇنداق تونۇغاندا، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاندىن مۇكەممەل چۈشەنگىلى ۋە ئىگەللىگىلى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتىنىمۇ ئاندىن سىستېمىلىق، رېتىملىق ھەم بىر - بىرىگە توقۇنۇشمىغان ھالدا ساغلام - راۋان ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ئىسلاھات ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئىلگىرىلەش تېز بولدى.

لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىلگىرىكى ئىسلاھات خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش جەريانىدا، قىسمەن دائىرىدە، مۇھاكىمە خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلدى. تېخى ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى يۈرۈشلىشىپ كەتمىدى. شۇڭا ئۇنى تامامەن مۇۋەپپەقىيەتلىك دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. دۆلەت، كوللېكتىپ،ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆتكەن 5 يىل جەريانىدا، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. گەرچە بۇنىڭغا كۆپ

ئەجرە سىڭگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇجەرياندا ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان يېڭىچە ئىسلاھات يولىنى دەسلەپكى قەدەمدە تېپىپ چىقتۇق، ئەندى شەھەرلەردىكى سانائەت ـ سودا كارخانىلىرى ۋە باشقا تارماقلار يېزىلارنىڭ مۇشۇ تەجرىبىسىنى ئۆزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قانداق بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشى كېرەك؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشقا، بۇنىڭدىن تەجرىبە ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىزنىڭ نىشانىمىز ھەم چىقىش نۇقتىمىز، لېكىن بۇ نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى پەقەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئارقىلىقلا كاپالەتلىنىدۇ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىرتەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەشنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىن بىز، پەقەت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇقىم تەڭشەپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رېيال سەۋىيىسى ۋە خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي شارائىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت ئىگىلىك شەكلىنى ئورناتقاندىلا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ مۇكەممەللەشتۈرگىلى؛ ئۈستقۇرۇلمىنى رېيال ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، كاپىتالىزمدىنمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدۇق. ئىسلاھات ئەمەلىيىتى يەنە بىزگە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي نەزەرىيىدىكى مەركىزىي مەسىلە — ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى توغرا چۈشىنىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك توۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە توۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، پىلانلىق ئىگىلىك ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭلار ۋە مۇئەييەن مەمۇرى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي قانۇن قاتارلىقلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلغاندا، ئاۋال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رېيال سەۋىيىسى ۋە خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش

كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي شەكىلگە ۋە ئىجتىمائى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھەر قايسى ھالقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇنىڭدەك مەركەز، جايلار، تارماقلار، كارخانىلار، ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ھەممە تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدىغان ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش كېرەك. مانا بۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك.

1) دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ئىقتىسات بىلەن باشقا ئىقتىسادىي تەركىب، ئىقتىسادىي شەكىللەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىنى يېتەكچى قىلغان كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش كېرەك.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىدىن شۇنى ئېنىق كۆردۇقكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رىيال سەۋىيىسى ۋە خاراكتېرىدىن ئايرىلغان ھالدا، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئومۇملۇق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى رەت قىلىش، يەككە ئىگىلىكنى قىرقىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقىۋېلىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماددى ئاساسىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىسىز، بۇ ھەقتە بىز قارغۇلۇق ۋە تەۋەككۈلچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدۇق. شۇڭا، ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىنى يېتەكچى قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىقتىسادىي شەكىللەر بىلەن مەۋجۇت بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب بىللە مەۋجۇت بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى — دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ئىقتىساتنى يېتەكچى قىلغان بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىگەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى، شۇنىڭدەك ئىگىلىكنى تەشكىللەش سەۋىيىسى ئىلغار. شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يېتەكچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ ئىنكار قىلىنسا، ئېلىمىزدەك ئاھالىسى كۆپ، زېمىنى كەڭ، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، جايلارنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، پەرق چوڭ ئەلدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر: ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى چاتاقنىڭ يىلتىزى، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ئىقتىساتتا بولۇپ، ھەممە ئىللەتنى ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىگىدىكى ئىقتىسات پەيدا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتىدا، ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىنى «كارخانا مۈلۈكچىلىكى»گە «كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك»كە «ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرلەشمە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى»گە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەر ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس، ئۇنى رەت قىلىش كېرەك.

2) پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، بازارنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشىدىن ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن جانلىق پايدىلىنىدىغان ئىگىلىكنى تەڭشەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ماھىيىتى، ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەمگەك مىقدارىنى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادنى تەڭشەش سىستېمىسى — ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ يادروسى، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. شۇڭا پىلان ئارقىلىق تەڭشەش — ئىگىلىكنى تەڭشەشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ھېساپلىنىدۇ. لېكىن پىلانلىق ئىگىلىك، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا، ئۇ، قىممەت قانۇنىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، بازار ئورگانىزمىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىشنى، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ يېتەكچى ئورنى ۋە رولىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي قىسمى ۋە ئاساسىي گەۋدە قىسمىنى پىلان ئارقىلىق تەڭشەپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىگىلىكنىڭ قوشۇمچە قىسمى ۋە تولۇقلىغۇچى قىسمىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەپ، شۇ ئارقىلىق قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىۋىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پىلاننىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش، ئىقتىسادنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش لازىم.

ئىقتىسادنى تەڭشەشتە، پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ كۆپ خىل شەكلىنى قوللىنىش كېرەك، يەنى، بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان، يېتەكچى خاراكتېرلىق پىلان، ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش، شۇ ئاساستا ئۈچىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان، پىلان سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي شەكلى. ئۇ ماكرو ئىقتىسادنى كونتىرول قىلىدىغان ئاساسلىق گەۋدە. بولۇپمۇ، مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىش يەنى جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ چېكى ۋە يۆنىلىشىنى، ئىستېمال فوندىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى قاتارلىقلارنى كونتىرول قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. قىممەت بىلەن باھانىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بەلگىلەش كېرەك. قىممەت بىلەن باھانىڭ بىر - بىرىدىن چەتنەپ، قايچىسىمان پەرقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باھا جەزمەن قىممەتنى ئاساس قىلىدىغان، داۋاملىق قىممەتنى ئايلىنىدىغان ياخشى دەۋرلىكنى بەرپا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن باھانىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاساسىدا، باھا تۈزۈلمىسىنى مۇقىم ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، مۇقىم باھا، ھەركەتچان باھا، ئەركىن باھا (بازار باھاسىنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىق كۆپ خىل باھا شەكلى بىلەن پىلانلىق باشقۇرۇش شەكىللىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. مەيلى قانداق باھا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى، تەمىن-

لەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەقىقى يوسۇندا ئىقتىساتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پىشاڭلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، قىممەت، باج، پايدا، كىرىدىت، ئىش ھەققى، مۇكاپات قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلارنىڭ رولىنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، مەمۇرى ۋاستە ۋە قانۇن قاتارلىقلارنى بىرلىكتە قوللىنىپ، سوتسىيا ـ لىستىك ئىقتىساتنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

3) مەركەز بىلەن يەرلىك، تارماق بىلەن دائىرىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش بىلەن رايونلار بويىچە باش ـ قۇرۇشنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

مەركەز بىلەن يەرلىك، تارماق بىلەن رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ قېتىم ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتا چېتىلىدىغان دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن، شۇنداقلا تەكرارلىنىش ئەڭ كۆپ بولغان مەسىلە. ئىلگىرىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئىسلا ـ ھات ئاساسلىغى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى يەرلىككە تارقاقلاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ لىنىيە بويىچە (تارماقلار بويىچە) باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى دائىرە بويىچە (رايونلار بويىچە) باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ دىگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن بول ـ سىمۇ، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ياخشى ھەل بولمىدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۇ، يەنىلا مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن قاراش، نۇقتىئىنەزەر تېخىچە بىرلىككە كەلمىدى. ئەمما ئىجتىمائى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋىنى چىقىش قىلغاندا، مەيلى تارماقلار بويىچە باشقۇرۇش ئا ـ ساس قىلىنسۇن ياكى رايونلار بويىچە باشقۇرۇش ئاساس قىلىنسۇن، بۇ ئىككىسىدىلا چەك ـ لىمىلىك بار. ئۇنداق بولسا، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، بۇ زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلغان ياخشى؟ مېنىڭچە بۇ ئىككىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك. مەملىكىتىمىز بىر چوڭ دۆلەت. ئەگەر مەركەزلەشتۈرۈلگەن رەھبەرلىك بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئىقتى ـ سادىي قۇرۇلۇش قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ، ماكرو ــ (كەڭ كۆلەملىك)، ئىقتىسات مۇقىم بول ـ مايدۇ.نەتىجىدەمىكرو ــ «كىچىك كۆلەملىك» ئىقتىساتمۇ جانلىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مەر ـ كەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىساتنى باشقۇرۇش ھوقۇق چېكىنى مۇۋاپىق ۋە ئېنىق ئايرىش كېرەك. خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش؛ يەرلىككە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك يەنى ئىشلەپچى ـ قىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش ھوقۇقىنى يەرلىككە بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، چوڭ ھو ـ قۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، كىچىك ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش پىرىنسىپىنى ياخشى ئىزچىل ـ لاشتۇرغىلى بولىدۇ. تارماق بويىچە باشقۇرۇش بىلەن دائىرە بويىچە باشقۇرۇش ئوتتۇرى ـ

سىدىكى زىددىيەتنىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

4) دۆلەت بىلەن دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، كارخانىلارنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سىياسىتى ۋە پىلانىنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك پائالىيىتىنى تەشكىللەشكە زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت، ئىقتىسادىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنى نىسبىي مۇستەقىل ئىگىلىك سۇبىستاتسىيىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

سوتسىيالىستىك كارخانىلار — ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي ئورنى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك پائالىيىتىنى بىۋاستە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ھېساۋاتنى يولغا قويىدۇ. شۇڭا، ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا، گەپ كارخانا بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا. ئىلگىرىكى ئىسلاھاتلارنىڭ نەتىجىلىك بولمىغانلىقى، ئاساسەن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى تارقاقلاشتۇرۇش كېرەكمۇ دېگەن بىلەنلا بەنت بولۇپ كەتكەنلىكتىن بولدى. ھازىر ئىگىلىكنىڭ فاڭجېنى ئۆزگەردى. يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىچكى ئامىللىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنىڭدا تېخنىكىنى ئىسلاھ قىلىش، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتىنى پىلانلىق يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھازىرقى كارخانىلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

(1) دۆلەت بىلەن دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، مەسئۇلىيەتنى چوقۇم يېتەكچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. شۇڭا، كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئالدىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەش شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنى تېگىشلىك ئىقتىسادىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىچكى جەھەتتە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى جەھەتتە ئىقتىسادىي بېسىم بولۇپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

(2) دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كارخانىلار مەمۇرى جەھەتتىكى بېقىندا مۇناسىۋەتنىڭ سىرتمىقىدىن ئازات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پايدا ئورنىغا باج تاپشۇرۇش ۋە پايدا - زىيىنىغا نىسبىي ھالدا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ كۈندىلىك كەسپىي پائالىيەتلىرىگە مەمۇرى جەھەتتىن ئارتۇقچە ئارىلىشىۋېلىش ئىللىتىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

5) دۆلەت، كوللىكتىپ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى، ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق، ئۇلار بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە، بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ خوجىسى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىلىرى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى، ئەمگەكچان، باتۇر ئىرادىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىك ئورنىنى ئارتۇقچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆلۈك باشقۇرۇۋەتكەچكە، ئەمگەكچىلەر پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك نەتىجىسى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق، «داش قازاننىڭ تامىقى» نى يېيىش ئەۋج ئالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجاتچانلىقى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بىللە ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا، ئاۋال دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇلارنى ئۆز ئورنىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى قارار قىلىشقا ھەقىقىي قاتناشتۇرۇش، مەمۇرى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن دېموكراتىك باشقۇرۇش، كەسپىي باشقۇرۇش بىلەن ئاممىۋى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە دارامەتنى تەقسىم قىلىشتىكى «3 كە تەڭ ئېتىۋار بېرىش» پىرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرغاندىن باشقا، يەنە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكمۇۋسىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ ھەققىنى ئۇلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرقىلار نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى، شۇنداقلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىشنىڭمۇ كونكرېت تەلەپلىرى. شۇڭا ئىسلاھات جەريانىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقانداق ئىسلاھاتنى ئاشۇ ئومۇملۇققا بويسۇندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىسلاھاتنى، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، قەتئىي ھەم تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئېيتىش مۇمكىنكى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىنىدۇ؛ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، ماركسىزىمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسى تېخىمۇ بېيىيدۇ ۋە كامال تاپىدۇ.

# خۇنەن ئۇيغۇرلىرى

جۇلىڭمىڭ، لىي دىڭرىن

شىنجاڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. تارىخىي كۆچۈشلەرنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى جياڭنەندىكى شۇشىياڭغا ـ خۇنەن ئۆلكىسىدىكى چاڭدې، تاۋيۇەن ئەتراپلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە بۈگۈنگىچە بۇ يەردە ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ خۇنەنگە كۆچۈپ كېلىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى قانداق؟ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇچراتقان بەزى ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسەن، بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز ۋە خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

## 1

1982 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 3 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، خۇنەن ئۆلكىسىدە جەمئىي 4446 نەپەر ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلار چاڭشا، جۇجۇ، شياڭتەن، يىياڭ، خۇەيخۇا قاتارلىق جايلارغا، كۆپچىلىكى ئاساسەن چاڭدې رايونىغا جايلاشقان ئىكەن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار 4298 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چاڭدې شەھىرىدىكىسى 142، چاڭدې ناھىيىسىدىكىسى 365 نەپەر ئىكەن. تاۋيۇەن ناھىيىسىگە ئەڭ كۆپ جايلاشقان بولۇپ، 3666 نەپەر ئىكەن. تاۋيۇەندىكى ئۇيغۇرلار پۈتكۈل ئۆلكە بويىچە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 82.5% نى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار فېڭشۇ، ئېرلىگاڭ، زۇجاۋ، فاڭساۋ جىبې، يۈيشىخې، بازىلۇ قاتارلىق گۇڭشېلارغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپرەك دادۈيلەر بولسا، فېڭشۇ گۇڭشېسىنىڭ خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيى، ئېرلىگاڭ گۇڭشېسىنىڭ موشيۈي دادۈيى؛ فاڭساۋ جىبې گۇڭشېسىنىڭ نەنيۈي دادۈيى، گۇەنشەنلىڭ دادۈيى، زۇجاۋ گۇڭشېسىنىڭ ئېرلىپۇ دادۈيى، ياڭجياگاڭ دادۈيى؛ شۇنىڭدەك يۈيشىخې گۇڭشېسىنىڭ مىڭيۇيشەن دادۈيى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا 809، 467، 192، 140، 240، 141، 161 دىن ئۇيغۇر بار ئىكەن.

تاۋيۈەن ناھىيىسى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالى، چاڭدې رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى، دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خۇنەننىڭ تۆت چوڭ سۇ سىستېمىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنشۈي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدا شويېفىڭ، ۋولىڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تاغ سىستېمىسىنىڭ تارماق تىزمىلىرى گىرەلىشىپ ھاسىل قىلغان ئېگىز تاغ، داۋان ۋە تۈزلەڭلىك بار رايون. يۈەنشۈي دەرياسى غەربتىن - شەرققە قاراپ ئېقىپ مەزكۇر ناھىيىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى ئاستا - ئاستا پەسەيگەن، ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى ئەسلىدە يۈەنشۈي دەرياسىنىڭ ئاخىرىدىكى چۆكۈندى - لاتقا رايونىغا كىرەتتى. ئۇيەردە تۈزلەڭلىكلەر ھاسىل بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار جايلاشقان گۇڭشېنىڭ كۆپچىلىك قىسمى ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. يۈەنشۈي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە بەيياڭخې دەرياسىنىڭ ياقىسىدىن، خۇنەن - سىچۈەن تاشيولى كېسىپ ئۆتىدۇ. تاشيول بويلاپ ماڭغاندا، ناھىيە شەھىرىنىڭ 15 كىلومېتىرچە غەربىي جەنۇبى رىۋايەتلەردىكى جىن تاۋچيەن يازغان: «ئەجداتلىرى چىن بەگلىكىدىكى ئەنسىزچىلىكتىن قېچىپ چىقىپ، مۇشۇ يەردە ھالەك بولغان، بۇ بىر بارسا - كەلمەس، تاشقى دۇنيادىن ئۈزۈلگەن يەر»، «تاۋخۇايۈەن»دۇر. سۇڭ تەيزۇ (جاۋگۇاڭيىن)نىڭ گەندى 1 - يىلى (963)، شىشۈلىڭ ناھىيىسىدە قۇرۇلغان تاۋيۈەنجېڭ رايونىنىڭ نامى مانا شۇ «تاۋخۇايۈەن» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. تاۋيۈەنجېڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، يېرى تۈزۈلۈشى تەكشى، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى قولايلىق، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. شال، پاختا قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا قەدىمدىن «بېلىق ۋە گۈرۈچ ماكانى» دەپ ئاتالغان بىر قەدەر باي رايوندۇر.

## 2

خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار تەڭرى تاغلىرى ئېتەكلىرىدىن خۇنەنگە قانداق كېلىپ قالغان؟ بۇنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى بىۋاسىتە قەدىمقى تارىخ كىتابلىرىدىن تېپىش تەس. يولداش جيەن بوزەننىڭ «مېنىڭ ئۇرۇقلىرىم ۋە مېنىڭ يۇرتۇم» (جيەن بوزەن جۇڭگو تارىخىي توغرىسىدا ماقالىلار توپلىمى (بىر توملۇق)، خەلقارا مەدەنىيەت خىزمىتى جەمئىيىتى نەشر قىلغان) ناملىق ئەسىرىدە، تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلمىغانلىقىنى تۆۋەندىكىچە تەھلىل قىلىدۇ: «مېنىڭچە، ئەگەر ئارخىپ يۈتۈپ كەتمىگەن بولسا زىيارەت قىلىش يېتەرلىك بولمىغان، يۈەن سۇلالىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى، مىڭ سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا سۇلالىلار ئالمىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئېرقىلارمۇ ئالماشقان. بۇ ئارىلىقتا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ كۆچۈشى بىلەن نۇرغۇن ئارخىپلار يوقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسى تارىخى ناھايىتى تېز لا يېزىلىپ، كۆپ نەرسىلەر چۈشۈپ قالغان. ئادەم ۋە يەر ناملىرىدا خاتالىقلار ناھايىتى كۆپ. مىڭ سۇلالىسى تارىخىي

چۈشىنىشكە ناھايىتى تەس بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەزكىرىلىرىگە قارىغاندا ناھايىتى تېيىز، ئۇرۇقلارنىڭ شەجەرىلىرى تېخىمۇ تەپسىلى ئەمەس». ئەمما ۋۇلىڭ ناھىيىسىنىڭ ھازىر بار تەزكىرىسى، چاڭدې ۋىلايىتى تەزكىرىسى ۋە جيەن ئۇرۇقلىرى شەجەرىسىدىكى خاتىرىلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىز تارتىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ جەريانىنى تېپىش مۇمكىن.

12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا سىياسى جەھەتتە ھوقۇقسىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەجبۇرىيىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭىدىن باش كۆتەرگەن موڭغۇللار ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا قەدەر كېڭەيتتى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قۇجۇ (قاراخوجا) خانلىقى قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەھشى قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن موڭغۇللارغا بېقىندى، شۇنداق قىلىپ چىڭگىزخاننىڭ ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى موڭغۇللارغا قارىغاندا ئىلغار بولغانلىقتىن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارلىق ئادەملىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇيغۇرلاردىن قالى ناملىق كىشى مانا شۇ چاغدىكى موڭغۇللار ئىشلەتكەن بىر ھەربى سەركەردە بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە كۆچۈپ بارغان. قالىنىڭ ئەسلى يۇرتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىنى كېيىنچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىڭ تەيزۇ جۇيۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان سەركەردىسى قالىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان باشتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى پارچىلاش، ئۆزگە تارتىش سىياسىتىنى قوللاندى ۋە باشتىنى زېمىنىنى كېڭەيتىش ئاۋانگاردى قىلىپ ئىشلەتتى. باشت سەركەردىلىك ۋەزىپىسىدە شۈيدا، لي ۋېنجۇڭ، فۇيۇدې (دىڭيۈې) قاتارلىق چوڭ سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىپ، داتۇڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە يىڭچاڭنى ئىشغال قىلىپ بىر قانچە قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. مىڭ تەيزۇ جۇيۈەنجاڭ باشتىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مۇكاپاتلىغان. ئۇنىڭ قارشى كۈچلەرنى «ئوقيا بىلەن يوقىتىش»تا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن «ئوقيا» 翦 jian دەپ پەمىلە ئىنئام قىلغان ھەمدە «八十» (باشت) دىگەن سۆزنىڭ يېزىلىشىنى «八土» غا ئۆزگەرتكەن. جويۈەنجاڭ بىر تەرەپتىن باشتىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئەسلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ موڭغۇللار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنى ئاتايىن جەنۇپقا يۆتكەپ، ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە (1796 — 1820 يىللار) يېزىلغان «چاڭدې ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ۋە داۋگۇاڭ (1821 — 1850 يىللار)، تۇڭجىڭ (1862 — 1874 يىللار) گۇاڭشۈي (1875 — 1908 يىللار) سەلتەنەت يىللىرىدا

داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان «تاۋيۇەن مەنزىرىسى تەزكىرىسى» دە جيەن باشت (ئۇقيالىق
باشت ـــ 翦八士) دىگەن خاتىرىلەر بار:

جيەن باشت خۇڭۋۇ 5 ـ يىلى (1372 ـ يىلى) جىڭجۇ (辰州) ئۆڭكۈردىكى بەد-
ۋىلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، 48 ئۆڭكۈرنى ئىشغال قىلدى. يەنە تۇڭگۇ، ۋۇكەي، گۇجۇۋ
قاتارلىق يەرلەردىكى بەدۋىلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ،غەلىبە قازاندى. 14 ـ يىلى (1381-
يىلى) ۋۇشى بەدۋىلىرى يەنە ئىسيان چىقاردى. باشت يەنە تىنجىتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بەد-
ۋىلەرنى تىنجىتقۇچى سەنگۇن دەپ ئۇنۋان بەردى. ئۇنىڭ ئوغلى بايقۇ بولسا، خۇڭۋۇ 18-
يىلى (1385 ـ يىلى) ۋۇكەيدىكى بەدۋىلەرنى، 21 ـ يىلى (1388 ـ يىلى) يۈننەندىكى
بەدۋىلەرنى يوقىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چېگرىنى ئەمىنلەشتۈرگۈچى
سەنگۇن دەپ ئۇنۋان بېرىلدى، ئۇلار ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆل-
گەن. دەپىن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا سويۇرغال قىلىپ
3000 مو يەر، 6 نەپەر تۆەن دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدار، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەسكەرلە-
رنى تەمىنلەيدىغان 720 مو يەر بەرگەن.

«ئۇقيالىقلار (翦氏) شەجەرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ 5 ـ
يىلى (1372 ـ يىلى) باشتنى جىڭشياڭغا تۇتۇق قىلدى. جەنۇپنى باستۇرۇپ ئەلنى ئەمىن-
لەشتۈرگۈچى سەنگۇن دەپ بېكىتىپ، خانزادە ئاتا بېگى دىگەن ئۇنۋان بەرگەن ھەمدە
ئۇنى خۇنەن چېنجۇۋ، چاڭدې ئەتراپلىرىنى قوغداشقا بۇيرۇ-
غان. چېنجۇۋ (辰州) ھازىر خۇنەن ئۆلكىسى خۇەيخۇا رايونىنىڭ يۈەنلىڭ ناھ-
يىسى ئەتراپىدۇر. خۇڭۋۇ 16 ـ يىلى (1383 ـ يىلى) ئۇنىڭ «بەدۋىلەرنى تىنجىتقان»
تۆھپىسى خاتىرىگە ئېلىنىپ، بەدۋىلەرنى تىنجىتقۇچى سەنگۇنلۇققە ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە
خانزادە ئاتا بېگى ئۇنۋانى بېرىلىپ دانىشبەگلىك تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىنغان. خۇڭ-
ۋۇ 22 ـ يىلى (1389 ـ يىلى)، باشت ھەربى خىزمەتتە ئۆلگەن، ئۇنى چاڭدې ناھىيىسى-
نىڭ شەرقىدىكى خۇاڭلۇڭغا يەنى قەدىمقى شاخې (沙河)، ھازىرقى نەنمىڭ چاڭدې
ناھىيىسى ھاراق زاۋۇدى جايلاشقان يەرگە دەپنە قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلگەن.
باشتنىڭ بالىسى بايقۇ ئەسلىدە جىنشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ سەركەردىسى ئىدى، ئا-
تىسى بىلەن بىرلىكتە جازا يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان، باشت ئۆلگەندە بالىسى بايقۇ ۋارىسلىق
قىلغان. خۇڭۋۇ 22 ـ يىلى (1389 ـ يىلى) ئۇنىڭ تۆھپىسى خاتىرىگە ئېلىنىپ، چېگرىنى
ئەمىنلەشتۈرگۈچى سەنگۇن دەپ بېكىتكەن ھەمدە خانزادە ئاتا بېگى ئۇنۋانى بېرى-
لىپ، دانىشبەگلىك تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىنغان. كېيىن بايقۇمۇ ئۇرۇش مەيدانىدا
ئۆلگەن. ئۇنىمۇ چاڭدې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى خۇاڭلۇڭغا دەپنە قىلىش توغرىسىدا يار-
لىق چۈشۈرۈلگەن.

بايقۇ ئۆلگەندىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى باشت بىلەن بايقۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى
بەدۋىلەرنى تىنجىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىغا

چاڭدې قەلئەسىنىڭ سەركەردىلىك ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىش (ئەينى زاماندىكى چاڭدې ئايمىغى ھازىرقى خۇبېي، خۇنەن ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)، «ئوقيا تۇغلۇق»لارنى باشلاپ چاڭدې ئايمىغى جىيۇەن ناھىيىسىدىكى جۇمۇشەن ھازىرقى جىيۇەن ناھىيىسى فېڭشۇ گۇڭشېسى خۇيىزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيى) ئەتراپىنى قوغداش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ھەمدە «توھپە راۋىغى» ياساش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى.

بايقۇنىڭ چاڭپۇ، چاڭلىي ئىسىملىك ئىككى بالىسى بار ئىدى. بايقۇ ئۆلگەندىن كېيىن چاڭپۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چاڭدې مۇھاپىزەت قىسمىغا سەركەردە بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي چاڭپۇ ئىستېپا بېرىپ شىنجاڭغا قايتتى. باشتىنىڭ ياردەمچى سەركەردىسى ئېتو چاڭپۇ بىلەن بىرلىكتە يۇرتىغا قايتتى. چاڭپۇ شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قەيەرگە ئورۇنلاشقانلىقى (ئۆز يۇرتىغا ياكى باشقا يەرگە ئورۇنلاشقانلىقى)نى كېيىنچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چاڭلي چاڭدې ۋە تاۋيۈەنىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. چاڭلىي خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادۇر. مىڭ چېڭزۇخان (جۇلىي) ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن «جەنۇپنى لەرزىگە كەلتۈرگەن» دېگەن سۆز يېزىلغان تاش لەۋھە ئىنئام قىلغان. بۇ تاش لەۋھە ئوقيالىقلار خانلىق ئىبادەتخانىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»غا كەلگەنگە قەدەر ساقلانغان. 1967 ـ يىلى ئوقيالىقلار خانلىق ئىبادەتخانىسى مەكتەپ قىلىنغان چاغدا. ئېھتىمال بۇ تاش لەۋھە قېلىن تامنىڭ ئىچىگە ئېلىۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن 10 ئەۋلات ھەربى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدە بولغان، چاڭلىينىڭ چوڭ ئوغلى يۈەندې، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى چېڭ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شياڭ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دىڭلار چاڭدېنىڭ مۇھاپىزەت سەركەردىلىگىگە ۋارىسلىق قىلغان. جيەن يۈەندى ( 翦原地 ) جيەنچېڭ ( 成翦 ) جيەن شياڭ ( 禅前 ) لارنىڭ ھەممىسى ئورۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. جيەن باشتىنىڭ 8 ـ ئەۋلادى، جيەن دىڭنىڭ (7 ـ ئەۋلات)چوڭ ئوغلى سەركەردىلىك ۋەزىپىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغان. مىڭشيەندۇڭنىڭ سەلتەنەت دەۋرى چېڭخۇانىڭ 3 ـ يىلى (1467 ـ يىلى) ۋولىڭگۇ قاراقچىلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان ۋە بولانغان، شۇ چاغدا، جيەنشياڭ مۇھاپىزەت قوشۇنى مىڭبېشى خىلىڭگۇاڭنى باشلاپ، كېچىلەپ قاراقچىلارنى قوغلىغان دېيىشەن كوكۇس ئورمانلىقىغا بارغاندا، ئۇلارنى يوقىتىپ قويغان»، «جيەنشياڭغا بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇشۇ مۇددەت ئىچىدە تۇتالمىغان» («ئوقيالىق ( 翦 ) شەجىرىسى») چېڭخۇا سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5 ـ يىلى (1469 ـ يىلى)، يارلىق بويىچە جيەنشياڭ چاڭدې قەلئەسىنىڭ سول قول مىڭبېشى ۋەزىپىسىگە چۈشۈرۈلگەن. شۇندىن كېيىن، جيەنشياڭنىڭ چوڭ ئوغلى يىڭچياۋ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى رۇڭشياڭ، مىڭبېشى ۋەزىپىسىگىلا ۋارىسلىق قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، باشتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن يەنىلا ھەربى

ئەمەلدارلىق قىلغانلار بولدى. جيەنرۇيەن پايتەخت گارنىزون باشلىقى، جيەنمىڭ، جيەنتيلەرمۇ گارنىزون باشلىقى بولغان، جيەنبىڭئەن ياردەمچى سەركەردە بولغان. باشتىنىڭ ئەلاتلىرى خۇنەندە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدە خەنزۇچە ئۆگىنىپ خېلى يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرنەپەر تاللانچى سەركەردە، 40 نەپەر يەرلىك مەكتەپ تالىپلىرى بار ئىدى. مىڭسۇلالىسى ۋاقتىدىكى جيەيىڭجۇي (ۋىلايەت مەدرىسىدە ئوقۇغان)، چىڭسۇلالىسى ۋاقتىدىكى جيەن گاۋفېڭ (جيەنرۇيەنىڭ ئوغلى، يەرلىك مەدرىستە ئوقۇغان). جيەنشەنكۇەن، جيەنشەنشۇي چۇچىلىق بەگ دەرىجىسىدىكى ناھىيە ھاكىمى، جيەنشىڭ، جيەنخۇەنكۇي (كوكان بەگ)، جيەن خۇەنجېڭ، جيەنخۇەنخا (خانلىق مەدرىس تالىپى)، جيەنخۇەنتەي، مىڭگو ۋاقتىدىكى جيەندۇنجىڭ (19 - ئەۋلات) ۋە مەشھۇر ماركسىستىك تارىخشۇناس يولداش جيەن بوزەننىڭ ئاتىسى جيەن كۇيۋۇ (چاڭدې شەھىرى خۇنەن ئولكىلىك 2 - مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلىملىك زىيالى ئىدى. ئۇلار يۇقۇرى دەرىجىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ شەجەرىسىنى يېزىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىلىرىگە ئالغاچقا، خۇنەندىكى بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئىز ئىزلىرى ئۆچمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزمىللىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئالغا سۈرۈش جەھەتتە غايەت زور تۆھپە ياراتتى.

جيەن باشتىن باشلاپ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى زادى قانچە ئەۋلات ئۆتكەن؟ 16 - ئەسىردىن باشلاپ سەنشىڭ قاتارلىقلار ئۇقيالىقلار (时氏)جەمەئەتى ھەققىدە بىر شېئىر تۈزۈپ، شېئىردا ھەرقايسى ئەۋلاتلارنىڭ ئەجدات نامى بېرىلگەن.

يولداش جيەن بوزەننىڭ ئاتىسى جيەن كۇيۋۇ ئۇنىڭ ئەجدات نامى «ۋەنشياۋ» بولۇپ، «ۋەن» (万) ئەجداتلىرىغا كىرىدۇ. ئۇ باشتىنىڭ 20 - ئەۋلادىدۇر. يولداش جيەن بوزەننىڭ ئەجدات نامى «شياڭشى» (象息) بولۇپ، باشتىنىڭ 21 - ئەۋلادىدۇر. ھازىرىيقىندا تۇغۇلغان ئادەملەر «يىي» (从)نى نام قىلىۋاتقان بۇلار 26 - ئەۋلاتتۇر. ئۇقيالىقلار ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلار توپلاشقان رايونلارغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ تىلى، خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىپ، ئاستا - ئاستا خەنزۇچە ئۇسۇللار بىلەن خەنزۇچە ئىسىملارنى قويىدىغان بولغان. بۇ، جەمەئەتلەر شېئىرىدىمۇ ئىپتىلغان.

ئەينە يىللاردىكى تۆھپە راۋىقى رىۋايەتلەرگەقارىغانداكۆلنىڭ ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ، 6 بۇرجەكلىك شىپاڭ ئىكەن. شىپاڭ ئىچىدە خەنجەر ئاسقان بىر سەنگۇننىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن. شىپاڭغا 70 - 80 ئادەم سىغىدىكەن، راۋاقتا ئوت كېتىپ، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆرۈلۈپ كەتكەن. قاچان ئوت كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەينى يىللاردىكى «ئۇقيالىق قوشۇن» گەرچە ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇمۇشەن تېغى يەنە داۋاملىق «جيەن جياگاڭ» (ئۇقيالىقلار تېغى) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئەينى يىللار-

دىكى ئات باغلايدىغان بىرتال تاش قوزۇقنىڭ تېخىچە يېرىمى ساقلانماقتا. مانا بۇ يەردە ئوقيالىقلار قوشۇنىنىڭ تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چاڭدې شەھىرىنىڭ شەرقىي سىرتىدىكى خۇاڭلۇڭگاڭ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەجداتلىرىنىڭ قەۋرىستانلىقىدۇر. ئەسلىدە بۇ يەردە 2 مېتىرچە ئېگىزلىكتە بىر پارچە چوڭ قەۋرە تېشى بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن 1959 ـ يىلى، بۇ، تاۋيۈەن ناھىيىسى خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۇي 5 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ رىشگۇ تۈزلەڭلىكىگە يۆتكەپ بېتىلگەن. قەۋرى تاشنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئويۇلغان خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ1 ـ ئەجدادىدىن5 ـ ئەجداتقىچە نامىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاتا تەرەپ ئەجدات ـ باشت ئاتا

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەجداتلار: ئانا تەرەپ ئەجدات ــ | ۋاڭ ئانا | بىللەدەپنە | |
| | مىي ئانا | قىلىنغان | |
| 2 ـ ئەجدات: ئاتا تەرەپ ئەجدات ــ | بايقۇئانا | | |
| ئانا تەرەپ ئەجدات ــ | خۇاڭ ئانا | | |
| | لىيۇ ئانا | | |
| 3 ـ ئەجدات: ئاتا تەرەپ ئەجدات | چاڭلى ئاتا | | |
| ئانا تەرەپ ئەجدات | شىي ئانا | بىللەدەپنە | |
| | ۋاڭ ئانا | قىلىنغان | |
| 4 ـ ئەجدات: جىيەن تۆرە | يۈەندې | | |
| ئاتا تەرەپ ئەجدات ــ | جىيەن چېڭ ئاتا | | |
| 5 ـ ئەجدات: ئانا تەرەپ ئەجدات ــ | چېن ئانا | | |
| ئاتا تەرەپ ئەجدات ــ | جىيەنزۇڭ ئاتا | | |
| ئانا تەرەپ ئەجدات | جياڭ ئانا | | |

قەۋرى تېشىنىڭ سول تەرىپىگە: «1 ـ ئەجداتتىن 5 ـ ئەجداتقىچە مىڭ سۇلالىسى خۇڭگۇ يىلنامىسىدىن كېيىن دەپنە قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرى قەۋرى قوپۇرۇلغان، مىڭگونىڭ 4 ـ يىلى ئەتراپى قورشالغان»دېگەن مەخسۇس خاتىرە يېزىلغان، قەۋرى تېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە: «مىڭگونىڭ 21 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇرغۇزۇلغان. ۋەنشياۋ، دونجىڭ، ۋەننىيەنلەر ياساتقان»دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

مىڭگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) ۋەنشياۋ يەنى يولداش جىيەن بوزەننىڭ ئاتىسى جىيەن كۈيۈۋۇ بۇ قەۋرى تېشىغا خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەجداتلىرىنىڭ ئىسىم فەمىلىلىرىنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى ھەربى تۇرمۇش سەۋىيىدىن باشت جەنۇپقا بېرىشتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بالا ـ چاقىسىنى ئالماي بارغانلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان. 1 ـ ئەجداتتىن 5 ـ ئەجداتقىچە بولغانلارنىڭ خوتۇنلىرى فەمىلىسىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلاردىنمۇ، خەنزۇلاردىنمۇ بولغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا

باشتىنىڭ خوتۇنى تۇي مەلىكە جۇخانىم بۇبودى (دىڭيۇي)نىڭ قىزى، مىڭتەيزۇ جۇيۇەنـ
چاڭنىڭ بېقىۋالغان قىزى بولۇپ، ئۇنى جۇيۇەنجاڭ ئـۆزى ھەدىيە قىلىپ قـوشۇپ قويغان
ئىكەن. ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇلار ئارىسىدا 10 — 20 ئەۋلات داۋام قىلـ
غان بولسىمۇ، تاۋيۇەن نـاھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرىدە يـەنىلا شىنجاڭدىكى ئۇيـ
غۇرلارنىڭ چىراي-شەكلى ساقلىنىپ قالغان، بەزىلىرىدە بۇ ھال ئانچە روشەن ئەمەس.

خۇنەن ئـۇيغۇرلىرى داۋاملىق 20 نەچچە ئەۋلات خـەنزۇلار رايونىدا يـاشىغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ تىلى، خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئـاخۇن يـاشانغان خەلپەتلەر ھـازىرمۇ قۇرئاندىكى ئەرەپچە خەتلەرنى ئانچە - مۇنچە بىلگەندىن تـاشقىرى ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە تىلنى ھېچقايسىسى بىلمەيدۇ.

دىنىي ئېتىقات جەھەتتە، خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ھېلىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. قېرىلار ھېلىمۇ ناماز ئوقۇيدۇ، چوشقا گۆشى يىمەيدۇ. مـاللىرىنى يـاشانغان خەلپىتىملەرگە بوغۇزلىتىدۇ. ھەر يىلى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت بايراملىرىنى ئـۆتكۈزىدۇ، مەۋلۇت ئوقۇـ تىدۇ. بەزى قېرىلار يەنىلا روزى تۇتىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يـاغ پۇرۇتۇپ، ھېيتنى تەبرىكـ لەيدۇ. ياشلار توي قىلغاندا، كۆپىنچە ئائىلىلەر ئوخشاشلا ئـاخۇنلارغا ياكى موللىلارغا نىكا ئوقۇتىدۇ. ئادەم ئۆلسە، ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئـادىتى بويىچە ئـۆلۈكنى خۇشپۇراق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاق رەختتە كېپەنلەپ، ئـاخۇن ياكى موللىلارغا قـۇرئـان ئـوقۇتۇپ دەپنە قىلىدۇ.

## 3

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىقـ تىسات ۋە مەدىنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئـەھۋاللىرى تـاۋيۇەن نـاھىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئـۇيغۇرلار ھەرقايسى گۇڭشې، داۋيىلەرگە تـارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تـوغرا بىر ئومۇمى مەلۇمات ئېلىش تەس. فېڭشۇ گۇڭشې خۇيزۇ - ئۇيغۇرلار داۋيى خۇنەن ئۇيـ غۇرلىرىنىڭ ئەجداتى تېرىقچىلىق ۋە قوغداش ئېلىپ بارغان جاي بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ. ماقالىمىزدا ئاساسەن مانا مۇشۇ خۇيزۇ - ئۇيغۇرلار داۋيىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرـ نى ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1982 - يىلى 7 - ئايدىكى ئومۇم نوپۇس تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا خۇيزۇ - ئـۇيغۇر داۋيىنىـڭ نوپۇسى جـەمئى 1347 ئادەم، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 809 ئادەم، خـەنزۇلار 279 ئادەم، خۇيزۇلار 259 ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلار پۈتـۈن داۋيى ئـەزالىرىنىڭ 60% نى ئىگەللەيدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلار پۈتۈن داۋيى ئەزالىرىنىڭ 79.28% نى ئىگـەلـلـەيدۇ. خۇيزۇ - ئۇيغۇر داۋيى خۇنەن، سىچۇەن تاشيولىنىڭ چاڭدې شەھىرىدىن تاۋيۇەن ناھىيـ سىگىچە بولغان قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تاۋيۇەن ناھىيىسىنىڭ 2 - چـوڭ بـازىرى زۇـ شىجىڭ بازىرى بىلەن فېڭشۇ گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى ئورۇنلاشقان جۇاڭجياچاۋ ئارىـ

لىغىغا توغرا كېلىدۇ. دادۋي ئىشخانىسى غەربىي جەنۇپتىكى جۇاڭجياچاۋدىن 1.5 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇپتىكى تاۋيۈەن ناھىيىسى شەھىرىدىنمۇ پەقەت 13.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. دادۋينىڭ يەر شەكلى ئېدىرلىق بولۇپ، 1594 مو ئۆلكە يېرى، 336 مو بىنەم يېرى بار. بۇ 1930 مو تېرىلغۇ يەر تاشيولىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان. خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۋيى قاتناش تۈگۈن ئۈستىگە جايلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ھازىرقى خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۋيى جايلاشقان جۇمۇشەن تېغى جيەنجاڭجۈشي رايونىغا قاراشلىق 10 ـ مەھەللە ھېسابلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمىيەتتە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا پومىششىك ۋە دىخانلاردىن ئىبارەت سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىق بار ئىدى. 10 ـ مەھەللىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن جيەنيۈمىڭ قاتارلىق 10 ئۆيلۈك پومىششىك بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، فېوداللىق ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئومۇمىيۈزلۈك يەرگە ئىگە بولدى. ئوقيالىقلار خۇنەنگە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سودىگەرچىلىك قىلىش، ھۈنەر ئۆگىنىش، خىزمەت يەتكۈزۈپ نام ئېلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا خۇبېي، خۇنەن، سىچۈەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەرگە، جيەنجاڭدىن ئۆز ناھىيىسىنىڭ باشقا يەرلىرىگىمۇ ياكى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆلكىنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگىمۇ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىي جيەنجاڭغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئاستا ـ ئاستا نۇرغۇن يەرلەرگە تارقالغان. ئازاتلىق ھارپىسىدا، ئۇيغۇرلاردىن سودا تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئاساسەن كالا سويۇپ، گۆشىنى ساتاتتى. تېرىسىدە بۇلغارچىلىق قىلاتتى. يىلىم قاينىتاتتى ۋە يىپ ئېگىرىپ توقۇمىچىلىق قىلاتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن تېرىلغۇ كالىلىرىنى سويۇش مەنئى قىلىنىپ، كالا سودىسى قىلىشقا بولماي قالغانلىقتىن، ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىياسى جەھەتتە قەد كۆتىرىپ يەرگە ئىگە بولغان، دىخانچىلىق كىرىمى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار خۇشاللىنىپ، سەممىي تۇردەجۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، كەمبەغەل دىخان جيەندايۈن كېسەللىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمگەك كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۆزىگە تەككەن يەرنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر دىخانلىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىق يولىغا قاراپ ماڭدى.

1951 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا كەنتلەرگە ئايرىش ئېلىپ بېرىلدى. ھازىرقى ئۇيغۇر دادۋي ئەينى ۋاقتىدا جيەنجاڭ كەنتىگە ئايرىلدى. 1954 ـ يىلى ئومۇم سايلامدا تاۋيۈەن ناھىيىسى ئومۇم سايلامغا بىرلەشتۈرۈپ فېڭشۇ، مۇشيۈي دۇڭيۈيدىن ئىبارەت خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر مىللىي ئاپتونوم كەنتى ئەسلىدىكى جيەنجا-

گاڭ كەنتى ئاساسىدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن
ئۇيغۇرلار كۆپ بولۇپ، قالغان ئىككى مىللى كەنتتە بولسا، خۇيزۇ
لار كۆپ ئىدى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رايونلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كەنتلەرنى بىر ـ
لەشتۈرگەندە، كىچىك كەنتلەر چوڭ كەنتلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى فىڭشۇ ئۇيغۇر
ئاپتونوم كەنتى 11 كىچىك كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ زۇشى كەنتىگە بىرلەش ـ
تۈرۈۋېتىلدى. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
پۈتكۈل كەنت بويىچە ئومۇمى نوپۇسىنىڭ ئاران 5% نى ئىگەللەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇ ـ
تۇپ، بىر مەزگىل مىللى كەنتلەرنى ئادەتتىكى كەنتلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. لېكىن
شۇ يىلى 8 ـ ئايدا خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، چاڭدې يەرلىك پارتىيە كومىتېتى
ۋە ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بۇ ئەھۋالنى تۈزىتىپ، فىڭشۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم كەنتىنى
قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى، دۇڭيۈي، موشيۈيدىن ئىبارەت ئىككى مىللى كەنت بىرلەشتۈرۈلۈپ،
«نەنيۈي خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم كەنتى» دەپ ئاتالدى ۋە 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشې ـ
لاشقانغا قەدەر داۋام قىلدى. ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن خەلق گۇڭشېسى ئو ـ
مۇمىيۈزلۈك قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللى كەنتلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئەمەلدىن قالدۇ ـ
رۇلدى. جيەن جياگاڭ، دۇڭفېڭ گۇڭشېسىنىڭ فىڭشۇ داديۈيگە جايلاشقان. 1961 ـ يىلى
گۇڭشې دۈيى تۈزۈمىنى تەرتىپكە سالغان چاغدا، جيەن جياگاڭدا فىڭشۇ گۇڭشې خۇيزۇ ـ
ئۇيغۇرلار داديۈيى قۇرۇلدى.

پۈتكۈل مەملىكىتىمىز بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئەگرى يولدا ماڭ ـ
غانلىقى ئۈچۈن، خۇيزۇ ـ ئۇيغۇردا داديۈينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئىگىز ـ پەس
بولدى. خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر داديۈينىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىدە شال ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ،
يەنە بۇغداي ھەمدە كېۋەز، قىچا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ تېرىلىدۇ. 1950 ـ يى ـ
لىدىن 1958 ـ يىلىغا قەدەر ئاشلىقنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى ئاساسىي جەھەتتە
300 جىڭدىن 400 جىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ تۇردى. 1959 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلى تۆۋەن ـ
لەپ 200 جىڭغا چۈشۈپ قالدى. 1963 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلىغىچە 400 جىڭغا يەتتى.
1968 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغا قەدەر 500 جىڭدىن پەيدىن ـ پەي كۆتۈرۈلۈپ، 800 جىڭ ـ
غا يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» تاماملانغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيا ـ
تى بىر قەدەر تېز بولدى. 1979 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى
1200 جىڭغا يەتتى. 1982 ـ يىلى 1235 جىڭغا يەتتى. 1983 ـ يىلى باش
ئەتىيازدا ھۆل يېغىن ئارتۇقچە كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن،
كەچكۈزدە قۇرغاقچىلىق ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولدى، لېكىن ئاشلىقنىڭ مو بېشى ئوتتۇرىچە
مەھسۇلاتى يەنىلا 1231 جىڭغا يەتتى. يۈەنشۈي دەرياسى بىلەن بەيياڭخې دەرياسىنىڭ
تاشقىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داديۈي ئۇزۇنلۇقى 2600 مېتىر كېلىدىغان مۇداپىئە تومىسى
ياسىدى. تۇما كۆلىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ھەم بەيياڭخې ئىش ھەققى مەسىلىسى تۈپەيـ

لى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. داۋۇي يەنە ئۇزۇنلۇغى 1300 مېتىردىن ئۇشۇق سۇ چىقىرىش ۋە سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان ئۆستەڭ چاپتى، بىرنەچچە ئون كۆلچەك كولىدى. لېكىن بىر قىسىم ئەسلىدە كىچىك تاغنى تۈزلەپ بارلىققا كەلتۈرگەن ئېتىزلىقنىڭ يەر تۈزلۈشى سەل ئىگىز ئىدى، ئۇنى 20 چاقىرىم يىراقتىكى سۇ ئامبىرىدىن سۇ باشلاپ سۇغۇرۇشقا توغرى كېلەتتى. شۇڭا سۇ مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولمىدى. پۈتكۈل داۋۇينىڭ سۇ كۆلىمى 200 موغا يېتىدۇ. بېلىق باققىلى بولىدۇ. داۋۇيدە كۆن زاۋۇدى، ئاياق كىيىم زاۋۇدى قۇرۇلدى، يەنە ئەزالارنى سەپەرۋەر قىلىپ خىش كۆيدۈرىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇميىغىنىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىگىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئائىلىلەرگىچە كۆتىرە بېرىلدى. داۋۇينىڭ كالا فېرمىسى، ئۆدەكلىرى ئەزالارنىڭ بېقىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى. ئەزالارنىڭ شەخس باققان كالىلىرى 80 دىن ئاشىدۇ، يەنە قوي، توشقان، توخۇ قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى باقماقتا. 1982 - يىلى ئەزالارنىڭ ئەمىلىي ئادەم بېشىغا ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىغى 700 جىڭغا يەتكەن. ئادەم بېشىغا ئوتتۇرىچە دارامىتى 300 يۈەنگە يەتكەن، 1983- يىلى ئەزالارنىڭ ئەمىلىي ئادەم بېشىغا ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىغى 757 جىڭ، دارامىتى 373 يۈەن بولغان. ئەزالار بۇرۇن ياغاچ ئۆيلەردە تۇراتتى، ياغاچ ئۆي كۆچۈرۈشكە ئەپلىك، پاكىز بولىدۇ. ھازىر ياغاچ قىسراق بولغانلىقتىن 40% ئەزالار خىش ئۆي سالدى.

بۇ ئىككى خىل قۇرۇلۇشنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە ئارتۇقچىلىغى بار. ئۆيلەرنىڭ شەكلى خەنزۇ ئەزالارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئوتتۇرا ئۆي ئىككى يان ئۆي، ئاشخانا ۋە قازناق ئۆيلىرى بار. داۋۇيدە ئىككى ئورۇندا ئېلېكتىر كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغۇرۇش پونكىتى بار. سۇ ئىشلىرىدىلا ئېلېكتىردىن پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەممە ئائىلىلەردە ئېلېكتىر چىراقلىرى بار.

مەدىنى - مائارىپ جەھەتتە، خۇيزۇ - ئۇيغۇر داۋۇينىڭ مەدىنىيەت سەۋىيىسى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقۇرى، ساۋاتسىزلىق ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغان. فېڭشۇ گۇڭشېسىنىڭ مىللى مەكتەپلىرى مانا مۇشۇ يەرگە قۇرۇلغان. بۇرۇنقى ئوقيالىقلارنىڭ 3- ئەجداتى جاڭلىي قۇرغان جۇمۇشەن ماھارەت ئۆگىنىش مەشقخانىسى مانا مۇشۇ. 5 - ئەجدات چېڭ ماھارەت ئۆگىنىش مەشقخانىسى ئاساسىدا جۇمۇشەن خەتتاتلىق جەمىيىتى قۇردى. چىڭ سۇلالىسى گاڭشى سەلتەنەت يىلىدا بۇ، خەتتاتلىق جەمىيىتى ئۆزگەرتىلىپ، جىڭنەن مەدرىسى دەپ ئاتالدى. مىنگو ۋاقتىغا كەلگەندە جىڭنەن باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئۆزگەرتىلدى. ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا، يەنە مۇسۇلمان تولۇق باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955 - يىلى كۈزدە خۇنەن ئۆلكىسى ئۆلكە باشلىغى چېڭچيەن ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا ۋىۋىسكا يازدى ۋە مەكتەپنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ: تاۋيۈەن ناھىيىلىك مىللى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتىدى. «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا مەكتەپتە بىر مەزگىل 4 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلغان ئىدى.

ھازىر رەتكە سېلىش ئارقىلىق 6 باشلانغۇچ سىنىپ، 6 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى، مۇئەللىم، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 36 ئادەم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 600دىن ئاشىدۇ.

خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۇيىدىكى ئۇيغۇر ئەزالارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەنلەر 16 نەپەر، ئارمىيىگە قاتناشقانلىرى 40 نەپەردىن ئاشىدۇ. خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۇيىدىكى ئۇيغۇرلاردىن شۇ ئۆلكە ۋە باشقا ئۆلكىلەردە پىروفېسسور، دوتسېنت، مۇئەللىم، دوختۇر، ئىنژېنېر، بوغالتىرلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار 20 دىن ئاشىدۇ. مەشھۇر ماركسىستىك تارىخشۇناس سابىق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋە مۇدىرى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى يولداش جيەن بوزەن مانا شۇ خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۇيىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا جىڭنەن باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1956 - يىلى ئۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن يۇرتىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە تۇققان يوقلىغان ئىدى. ئوقيالىق ئۇرۇقلار ئىبادەتخانىسى، يەنى ئۇرۇق تولۇق باشلانغۇچ مەكتىۋىدە، جيەن بوزەن يۇرتداشلىرىغا سۆز قىلىپ ئوقيالىقلار ئۇرۇغىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا توختالدى. ئۇ، مەركەزگە مىللىي خىزمەتلەردىكى بەزى مەسىلىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلدى. بۇ، خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، چاڭدې يەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە تاۋيۈەن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي خىزمەتلەر ئۈستىدە بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر تېز ئۆستى، 1954 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئۇيغۇرلار 1429 دىن 1964 - يىلى 2581 گە، 1982 يىلى 3666غا يەتكەن، 1982 - يىلى 1954 - يىلغا قارىغاندا 1·57 ھەسسە، 1964 - يىلى 42·04% ئۆسكەن. خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۇيىدىكى ئۇيغۇرلا نوپۇسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كەنت ۋە گۇڭشېلارنىڭ دائىرىسى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇش تەس. پەقەت 1964 - يىلقى ئومۇم نوپۇس تەكشۈرۈشتە خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۇيىدىكى ئۇيغۇر ئەزالار 615 كىشى ئىدى، 1982 - يىلى 809 كىشىگە يەتكەن. 1982 - يىلىنى 1964 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى 31·54%بولغان.

## 4

خۇنەن ئۆلكىسى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھەر ساھەدىكى سىياسى ھەركەت ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا

ئاز سانلىق مىللەتلەردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. كەنت باشلىقى جيەن رۇجى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ھەمدە قوشۇمچە ئاياللار ھەيئىتى جيەن شاڭگۈيلەر يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئەڭ دەسلەپ پارتىيىگە كىرگەن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىدۇر. ئازاتلىقتىن كېيىنتا ھازىرغىچە، خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيىدىن 60تىن ئوشۇق ئۇيغۇر يولداشلار پارتىيىگە كىردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياقا يۇرتلارغا بېرىپ خىزمەت قىلدى؛ دۈينىڭ ئۆزىدە ئىشلەۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى 35 كىشى.

پارتىيە يەنە مىللىي كادىر يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيى بىلەن 11 ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ كادىرلىرى ئىچىدە خەنزۇ ئەزالار كۆپرەك بولغان ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ كادىرى خەنزۇ بولغاندىن تاشقىرى، قالغان ھەممىسىدە مىللىي كادىرلار شۇ دادۈي ۋە شۇ ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرماقتا. رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى، قوشۇمچە گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارى جيەن رىنچىڭمۇ ئۇيغۇر. خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيىدىن ھەربىگە قاتنىشىپ ناھىيە ـ تۈەن دەرىجىلىك ۋە ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر يولداشلار 10 دىن ئاشىدۇ. دادۈي ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ دۆلەت بايرىمىغا ئۇيغۇر كادىر ۋە ئەزالاردىن 6 ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە 3 ئادەم قاتناشتۇردى، ھەر قېتىملىق ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا بىرنەچچە ئۇيغۇر ۋەكىلى قاتنىشىپ تۇردى. ھازىر خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈي ياچېيكا سېكرېتارى جيەن شاڭشىڭ خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ فېڭشۇ گۇڭشې مىللىي مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جيەن شاڭيۇ خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

ناھىيە ۋە گۇڭشې ھەمىشە خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۈيىنى نۇقتا قىلىپ كادىر ئەۋەتىدۇ. پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بىر مۇئاۋىن سېكرېتارنى بۇ دادۈينى نۇقتىلىق تۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ھەر يىلى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى، گۇڭشې ۋە دۈي كارخانىلىرى، قەرز سومما قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىۋار بېرىلىپ كەلدى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە مەزكۇر دۈيگە 40'000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئومۇمەن نوپۇسى يېرىمىدىن ئوشۇق ياكى 40% بولۇپ. 50% كە يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت دادۈيلىرىدە ياكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە سېتىۋېلىش مىقدارىنى يېرىم ئازايتىش، بىر قېتىم بېكىتىپ 3 يىلغا قەدەر ئۆزگەرتمەسلىك؛ ئادەم بېشىغا كىرىدىغان ساپ كىرىم 60 يۈەنگە يەتمەيدىغان دادۈي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدىن 1983 ـ يىلدىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك بېجىنى ئېلىپ تاشلاش؛ ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان دۈيلەر باشقۇرغان كارخانـ

لاردىن 1983 ـ يىلدىن بۇرۇن سودا ـ تىجارەت بېجى ئالماسلىق؛ ئاز سانلىق مىللەت بايراملىرىدا ئۇلار ئۆزلىرى سويۇپ يەيدىغان چارۋا مالدىن قان بېجى ئالماسلىق؛ 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۆسۈملۈك مېيىنى سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى يۈكلىمەسلىك توغرىسىدىكى يوليورۇقلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىشتۇردى. خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر دادۇيى ئېدىرلىق بەلۋاقتا جايلاشقان، تاغ، ئورمان يوق، گۇڭشې پارتىيە كومىتېتى ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، باشقا بىر دادۇينىڭ خۇاڭشەن تېغىدىن 200 مو يەر بۆلۈپ بەردى. ئۆزئارا توختام تۈزۈپ، تاغنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن 10%، جۇغلانمىغا 30% قالدۇرۇپ، دادۇيگە 60% بېرىلىدى. شۇنداق قىلىپ، خۇيزۇ ـ ئۇيغۇرلار دادۇيىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

خۇنەن ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى چاڭدې ۋىلايىتى ۋە تاۋيۇەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى فېڭشۇ گۇڭشېسىدىكى مىللىي مەكتەپلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1979 ـ يىلى، جەمئىي 70،000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ مەكتەپكە ياتاق سالدۇردى. دۆلەتنىڭ ياردىمىدە فېڭشۇ گۇڭشېسىدىكى مىللىي مەكتەپ 8 سىنىپلىق ئىككى قەۋەت ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى ئۆي جىددىيلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ئىشتاتىنى ئاشۇردى ھەمدە سىرتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپكەياندۇرۇپ كەلدى. مەزكۇر مەكتەپنىڭ يۇقۇرى مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى پۈتۈن گۇڭشې بويىچە ئەڭ يۇقۇرى.

چاڭدې ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، تاۋيۈەن ناھىيىلىك پارتىيەكومىتېتى مىللىي سىياسەت ۋە ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەرغىب ۋەتەربىيە ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدۇ، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ ۋە ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇغىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاتلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى باشتىن ـ ئاخىرتەكىتلەپ كەلدى، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا چوشقا بېقىشنى تەشەببۇس قىلمىدى، تىرىك چوشقا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ئازلىتىدى. ئۇيغۇر ـ خۇيزۇلارنىڭ ياغ ئىستېمال نورمىسىنى خەنزۇلاردىن ئۆستۈرەك قىلدى. ئۇيغۇر ـ خۇيزۇلارنى كالا بېقىشقا ئىلھاملاندۇرغاندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كالاسويۇپ يېيىشى ۋە سىرتقائاپىرىپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى. ھۆكۈمەتمۇ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ سىرتتىن كالاسېتىۋالدي. چاڭدې ۋىلايىتى بويىچە ئېيتقاندا بىر جىڭ كالا گۆشى 1.90 يۈەن (كىراھەققى قوشۇلۇپ) بولسا، ئۇنى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاھالىلار ۋە كادىرلارغا 0.83 يۈەندىن سېتىپ بېرىدۇ، بىرئايدا ھەرئادەمنى بىرجىڭدىن ئىككى جىڭغىچە كالا گۆشى بىلەن تەمىنلەيدۇ، دۆلەت ھەر ئادەمگە 1.50 يۈەن ياردەم قىلىدۇ. چاڭدې ۋىلايىتى ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، ھەرئادەمگە ھەرئايدايەنە 5 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىدۇ. 3 چوڭ

بايرامدا، گوش، ماي ۋە ئۇن بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئېتىۋارقىلىندۇ. گۆشچى ۋە دادۈي ماگىزىنلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قوشۇمچە يېمەكلىك سالىدۇ. خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۈيىدە مۇسۇلمان ئاشخانىلىرى بار. ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان ئاق رەختۋە شۇنىڭدەك جىنازا قاتارلىقلارغا كېتىدىغان ياغاچلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر - خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن ياخشى، گۆشچىنىڭ 76 ياشلىق ئۇيغۇر ئەزاسى جيەن مىڭچىڭ ھاياجانلانغان ھالدا: «ياخشى، بىزنىڭ پارتىيىمىز ياخشى، ھۆكۈمىتىمىز ياخشى! مەن ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم، كونا جەمىيەتتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن يۈرگۈزگەن زۇلمى ۋەكەمسىتىشلىرىنىڭ ئازاۋىنى چەككەن، لىن بياۋ « 4 كىشىلىك گۇرۇھ» زوراۋانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشتەك زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچرىغان ئىدىم. بۈگۈن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنە قايتىپ كەلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز ئازسانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە باشتىن-ئاخىر غەمخورلۇق قىلىپ كەلمەكتە، ھەتتا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگىمۇ ھۆرمەت قىلماقتا، بىز ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق، مەن قېرىغاندا بەختلىك بولدۇم!» دېدى. چاڭدى ۋىلايىتى، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى مېچىتلەرنىڭ بەزىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا بۇزۇپ تاشلانغان (خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۈيىدىكى مېچىتلەر)، بۇرۇنقى ئاخۇنلارنىڭ كۆپچىلىكى كېيىنى - كېيىندىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا مېچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاخۇنلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، بۇنى كېيىنچە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇيزۇ - ئۇيغۇر دادۈيىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى خەنزۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان، گۆشچى - دۈي كارخانىلىرى ۋە ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تېخنىك مەسىلىلەردە ئۇلارغا خەنزۇقېرىنداشلىرى ھەمىشەم ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ. مىللىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىشىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى بىرلىكتە ئۆستۈرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا ئارىلىشىپ بىرلىكتە تۇرىدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدۇ. سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىدۇ.

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەنپەئەتىگە تولۇق يول قويۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، تاۋيۈەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خۇيزۇ - ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ مىللىي ئاپتونوم كەنتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. خۇنەن ئۇيغۇرلىرى پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ياردىمىدە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، چوقۇم تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ ۋە كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىشىپ روناق تاپىدۇ.

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە نەشرى 1984 - يىل 3 - سانىدىن.

قاسىم ئارش تەرجىمىسى

قەدىمىي 3 قىتئەگە يەتكەن، 600 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان

# ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يوقىلىشى

جۇكېرۇ

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ نامى مۇشۇ دۆلەتنى قۇرغۇچى ئوسمان بېيى ① (1258 — 1324)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. «ئوسمان» دېگەن بۇ نام كېيىن مۇشۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان خەلقلەرگىمۇ ئىسىم بولۇپ قوللىنىلغان.

## تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى

ئوسمان بېيى ۋە ئۇنىڭ قەبىلە قېرىنداشلىرى تۈركلەرنىڭ قەدىمقى ئوغۇز قەبىلسىدىن ئىدى.

تۈركلەر ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە روناق تاپقان بولسىمۇ، كېيىن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت 2 گە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بىر قىسىم تۈركلەر تەدرىجى غەربكە كۆچۈپ ئىران ئېگىزلىكى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان ھەمدە كىچىك ئاسىياغا كەلگەن.

مىلادى 9 — ۋە 10 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئاز بىر قىسىم تۈركلەر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە ياللانما ئەسكەر بولۇش سۈپىتى بىلەن كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلاشتى. 11- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركلەرنىڭ كىچىك ئاسىياغا بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى شەكىللەندى. شۇ چاغدا تۈركلەر 2 يولغا بۆلۈنۈپ شەرقتە كاپكاز تاغلىرىدىن، جەنۇپتا سۈرىيىدىن ئاناتولىغا كىردى. 1071 - يىلى مانچىكەت ئۇرۇشىدا سەلجۇقلار ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى قوماندانلىقىدىكى ئارمىيىنى يېڭىپ ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس قۇرۇپ بەردى. بۇ جەرياندا دانىشمەن

① بېيى — ئۇيغۇر تىلىدىكى بەگ ئاتالغۇسىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى.

ئوغۇللىرى ۋە قونىيە سەلچۇق سۇلتانلىقى (رۇم سۇلتانلىقى)دىن ئىبارەت 2 تۈرك دۆلىتىنى قۇردى. 13 – ئەسىرنىڭ 30 – ۋە 40 – يىللىرىدا موڭغۇل ئارمىيىسى كىچىك ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭ ئالدى – كەينىدە تۈركلەرنىڭ 2 – قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى مەيدانغا كەلدى. ئوسمان دۆلىتىنى قۇرغانلار دەل 13 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر ئىدى. ئوسماننىڭ دادىسى ئەرتوغرۇل بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا رۇم سۇلتانىغا ياردەملىشىپ موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭغا كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى بىر يايلاقنى ھەدىيە قىلىپ بەردى. بۇ يەر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىتىنىيە ئۆلكىسى بىلەن خوشنا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرتوغرۇل رۇم سۇلتانلىقىنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىسى (ئۇچبېيى)غا ئايلىنىپ قالدى. بۇ، تارىخ ئوسمان دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تۈركلەر كىچىك ئاسىياغا يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ۋە يەرلىك ئاھالە بىلەن بىللە بولغىنىغا بىر قانچە ئەسىر تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۈركلەرنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالى ئەمەلىيەتتە شۇنىڭ بىلەن باشلانغان.

## ئىمپېرىيىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئوسمان دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەن يېرى — زىيۇت ئەسكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جايغا جايلاشقان بولۇپ، شۇ چاغدا بۇ يەردە 3 لا كەنت بار ئىدى. 1281 – يىلى ئوسمان ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، باشقا تۈرك بەگلىكلىرى ۋە شەھەرلەردىكى ئاملا تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقا زور كۈچ بىلەن كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىپ، خوشنا دۆلەت ۋىزانتىيىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالدى. 1299 – يىلى (ياكى 1300 – يىلى) ئوسمان، موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ زەئىپلىشىشىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل بېقىندىسى — رۇم سۇلتانلىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئوسماننىڭ ئوغلى ئورخان دەۋرىگە كەلگەندە (1359 – 1324) ئوسمان دۆلىتى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي – شىمال بۇرجىكىدىكى بۇرسا، ئىزنىك شەھەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

1354 – يىلى ئوسمانلار يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن پايدىلىنىپ دەردانېل بوغۇزىدىن ياۋروپا تەرەپتىكى گاللىپولى يېرىم ئارىلىدا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ قالدى. بۇ، تۈرك دۆلىتىنىڭ سىرتقا قىلغان كېڭەيمىچىلىكىدىكى بىر بۇرۇلۇش بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 2 ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوسمان دۆلىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ زېمىنى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت 3 قىتئەگە قەدىمى يەتكەن دۇنياۋى خاراكتېرلىق چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. ياۋروپادا كوسوۋا ئۇرۇشى (1389) نىكوپولى ئۇرۇشى (1396) (ۋارنا ئۇ-

رۇشى (1444) كونستانتىنوپول ئۇرۇشى(1453) موخاچ ئۇرۇشى(1526 - يىل) قاتارلىق مەشھۇر ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئوسمانىيلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بالقاندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى يېڭىپ، پايتەختىنى ئىستانبول (كونستانتىنوپول) قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ۋېناغا تەھدىت سالدى. ئوسمانىلار ئاسىيادا پۈتۈن ئاناتولىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى چالدىران ئۇرۇشى (1514 - يىلى)ھەرجى دابىك ئۇرۇشى (1516 - يىلى) جەريانلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقتىكى ئاساسلىق رىقابەتچىسى بولغان ئىران شاھى ئىسمائىل سەفەۋى ۋە مىسىر مەملۇك سۇلتانى قانسۇ گاۋرى ئارمىيىسىنى ھەغلۇپ قىلىپ كاپكاز، سۈرىيە، ئىراق قاتارلىق رايونلارنى ئىگەللىۋالدى. ئوسمان ئارمىيىسىنى سوۋەيش بوغۇزىدا 1517 - يىلىنىڭ بېشىدا مىسىر پايتەختى قاھىرەنى ئىگەللەپ ئافرىقىدا مۇستەملىكە ئېچىشنىڭ پېشىۋاسى بولدى. سۇلتان سولايمان دەۋرگە كەلگەندە (1520 - 1566 - يىللار)ئوسمان ئىمپىرىيىسى تازا گۈللەنگەن ئىدى. ئىمپىرىيىنىڭ زېمىنى شىمالدا ۋېنگرىيىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلارغا، جەنۇپتا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئەدەن شەھىرىگە، غەرپتە ئافرىقىدىكى ماراكەش چېگرىسىغا، شەرقتە كاپكاز ۋە دېڭىز قولتۇقىغىچە يېتىپ يەر كۆلىمى 6 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى 25 مىليونغا يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلايمان قانۇنى دۇنيانىڭ ئىككى يېرى (ئاناتولىيە بىلەن رۇم ئېلىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئىككى دېڭىز (قارا دېڭىز، ئوتتۇرا دېڭىز)نىڭ ئىگىسى مەككە مەدىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىستانبول، ئەدىرنە، بورسا، قاھىرە، دەمەشق، ھەلەپ، بېلگىراد ۋە باغدادنىڭ ھۆكۈمرانى دېگەن نامنى قوللاندى. ئىمپىرىيىنىڭ تېزسۈرئەتتە كېڭىيىشىدىكى سەۋەب بالقان دۆلەتلىرىنىڭ فېئوداللىق پارچىلىنىشى ۋە سىياسى جەھەتتە زەئىپلىشىپ چىرىكلىشىشى — ئوسمان دۆلىتىنىڭ تېزلىك بىلەن سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم تاشقى سەۋەبتۇر. ۋىزانتىيە ئىمپىراتورلۇقى — سەلىپ (كىرېست) ئارمىيىسىنىڭ 4 - قېتىملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولۇشى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالغان ئىدى. سېربىيە، بۇلغارىيە، ۋىزانتىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمران گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىمۇ، قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا ئىتتىپاقلىشالمايتتى. ھەرقايسى دۆلەت فېئوداللىرى دېخانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئىچكى جەھەتتىكى سىياسى مۇقىمسىزلىقنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈچلەرنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى.

15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بالقاندىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى سۇلتان

بايەزىد ئارمىيىسىنىڭ تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن بىت ـ چىت قىلىنغانلىقى، ئوسمان ئوردىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت ۋە كەڭ كۆلەملىك دىخانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرماي، بەلكى ئوسمانلارنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قايتىدىن كۈچىيىشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇبالقاندىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ فېئودالLىق بۆلۈنۈشى ۋە سىياسى جەھەتتە چىرىكلىشىپ داۋالاشقا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوسمانلارنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىڭ ئىچكى ئامىللىرى ئىچىدە ئالدى بىلەن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن. تۈركلەرنىڭ كىچىك ئاسىياغا كۆچۈش تارىخىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوسمانىلارنىڭ سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشى دەسلەپكى كۈندىن باشلاپلا يالغۇز ئۆزىنىڭلا كۈچىگە تايىنىپ قالماي، بەلكى كىچىك ئاسىيادىكى كۆپ سانىنى ئىگەللەيدىغان تۈرك بەگلىكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، ھامىدئوغۇللىرى بەگلىگى، قارامان ئوغۇللىرى بەگلىگى، قاراسى ئوغۇللىرى بەگلىگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ كوسوۋا ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئوسمان دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەخسى پەزىلىتىمۇ مۇئەييەن رول ئوينىغان، ئەينى چاغدا تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق ئەنئەنىلىرى تېخى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا دائىم قەبىلە باشلىقلىرى، ئاھىلارنىڭ رەھبەرلىرى، ھەربى باشلىقلار تەرىپىدىن ئوسمان قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇق جەمەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ لاياقەتلىك كىشىلەرنى سايلاپ چىقاتتى.

ئوسمانىلارنىڭ قاتتىق ئىنتىزامى كۈچ جەھەتتىن گىرىكلەر ۋە بالقاندىكى باشقا كىچىك دۆلەتلەردىن ئېشىپ چۈشۈشتىكى بىر سەۋەپ بولسىمۇ، بىراق ئوسمانىلار دۆلىتىنىڭ تېزدىن كېڭىيىشىدىكى سەۋەپنى ئاساسەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادى تۈزۈمىدىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوسمانىلار دۆلىتىنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىلخانىلار دۆلىتى ۋە رۇم سۇلتانلىقىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئوسمانىلار دۆلىتى ئىسلام تارىخىدىكى ھوقۇقى ئەڭ مەركەزلەشكەن ئىستىبدات دۆلەتتۇر. ئورنى ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قاتلىمىدا بولغان سۇلتان دىنى ۋە باشقا بارلىق ھوقۇقلارنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇ ئۆزى مەركىزى دىۋان (دۆلەت كېڭىشى)گە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. دىۋان ئادەتتە ۋەزىر (ھەربى ۋە مەمۇرى ئىشلارغا مەسئۇل) دەپتەردار (مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل) قازى ئەسكەر (ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل) ۋە نىشانچى (دۆلەت ئەمىر ـ پەرمان ھۆججەتلىرىگە ئىمزا قويغۇچى)دىن ئىبارەت ئاتالمىش تۆرت تۈۋرۈكتىن تەركىپ تاپقان. دەسلەپتە بۇ مەنسەپلەرگە پەقەت بىردىنلا ئادەم قويۇلۇپ، ئادەتتە ئاھىلار، مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە تۈركمەن

ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشاتتى. مۇھەممەت II دىن باشلاپ قازى ئەسكەردىن باشقا. مەنسەپنى قاپقۇلۇ (ئوردا قۇللىرى مەنىسىدە) تەركىۋىدىكى كىشىلەر مونوپول قىلىۋالدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى مۈلۈكچىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەتتە دۆلەت يېرى (مىرى)،مەدرىسە ـ خانقالار ۋەقپىسى ۋە خۇسۇسى يەر (مۈلۈك)دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئەڭ ئاساسلىغى دۆلەت يېرى بولۇپ، پۈتۈن يەرلەرنىڭ 80%نى ئىگەللەيدۇ. دۆلەت يېرى يەنە خاس يەر، زەمىت يەر ۋە سۇيۇرغال دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ. خاس يەر خان جەمەتىنىڭ ۋە ئالى ھوقۇقدارغا خاس يەر؛ زەمىت ۋە سۇيۇرغال بولسا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەربىلەرگە بېرىلىدىغان يەر بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە زەمىت ۋە سۇيۇرغاللارنىڭ ئىگىلىرى مەلۇم ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى (جەبرى) باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشى شەرت قىلىنىپ، بۇ ئاتلىقلارنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى ۋە تەمىناتىنىڭ ھەممىسىنى سۇيۇرغا ئىگىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتكۈل ئىمپېرىيىدىكى 10 مىڭ زەمىت ۋە سۇيۇرغال ئىگىلىرى 60 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى تەمىن ئېتەلەيتتى.دۆلەت ئىختىيارىدىكى يەر ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇنداق سۇيۇرغاللىق تۈزۈم ئىمپېرىيە قۇدرەتلىك ھەربى كۈچىنىڭ ئاساسي كاپالىتى ئىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل ھەربى ئىنتىزامى بولۇپ، ئىمپېرىيە ئارمىيىسى، مەركىزي قىسىم ۋە يەرلىك قىسىمدىن ئىبارەتئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. مەركىزي قىسىم يەنى قاپقۇلۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى — يېڭىچەرىلەر① قوشۇنى بولۇپ، ئۇندىن باشقا يەنە توپچى قىسىم ۋە مۇنتىزىم ئاتلىق قىسىملار بار ئىدى. يەرلىك قىسىملار ئاساسەن زەمىت — سۇيۇرغال ئىگىلىرى ۋە ئاتلىقلاردىن تەركىپتاپقان فېئودال ئاتلىق قىسىملاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدا پىيادە ئەسكەر، ئاتلىق ۋە چارۋىچىلاردىن تەركىپ تاپقان ياردەمچى ئەسكەر خىللىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار يول ياساش، خەندەك كولاش، ئوق ۋە ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. ئاقىنچىلار بولسا، مۇنتىزىم بولمىغان پىدائى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار رازۋېتكا قىلىش، دۈشمەن يېرىدە قالايمىقانچىلىق چىقىرىش، چوڭ قىسىمنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن جەڭ مەيدانىنى ئېچىپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى.

يېڭىچەرى قىسىملىرى، يۇقۇرى مائاش ئالىدىغان مۇنتىزىم پىيادە ئەسكەرلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ،دەسلەپ 1363 ـ يىلى قۇرۇلغان.يېڭىچەرىلەرنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، گازارمىدا كوللىكتىپ ياتاتتى. باشلىقىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. ئۆمۈربويى ئۆيلەنمەيتتى ۋە سودا ـ سېتىق، قول ھۈنەرئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمايتتى.

---

① يېڭىچەرى — يېڭى چېرىك، يېڭى ئەسكەر (ت).

پەقەت كۈنىنى ئۇرۇش قىلىش، مەشق قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى. يېڭىچەرىلەر ئىمپېرىيە ئارمىيىسىنىڭ $\frac{1}{10}$ نى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق بولغاچقا، ئىمپېرىيىنىڭ سىرتقى كېڭەيمىچىلىكىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى بويسۇندۇرۇلغان رايونلارغا قارىتا مىللەت ھاكىمىيىتى تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن. مۇھەممەت II يولغا قويغان مىللەت تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇئەييەن دىنىي، مەدەنىي ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلاتتى. غەيرى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى ۋە قانۇنى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ چېركاۋلار ئىچىدە ئىختىيارى دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارالايتتى، مىللىي مەكتەپلەرنى ئاچالايتتى. ئۇلار دىنىي ئۇيۇشمىلىرى، خەلق ئىشلىرى، ئەدلىيە قاتارلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى ھەمدە مۇرۇتلىرىدىن دۆلەت بېجى ئېلىپ، دۆلەت غەزنىسىگە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولاتتى. مىللەت تۈزۈمى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى ئاساسىي ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ، مۇئەييەن دەرىجىدە سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىك جەريانىدىكى قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلەتكەن ئىدى.

### ئىمپېرىيىنىڭ ھالاك بولۇشى

16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت كۈچىيىپ، ھەربىي زېمىن - سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى پارچىلىنىپ، فېئوداللىق بۆلۈنۈش كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن قولايسىزلىقى قوشۇلۇپ ئىمپېرىيىنى ئۇرغۇنلۇق باسقۇچىغا كەلتۈردى. 1683 - يىلى ئوسمانلىلارنىڭ ۋېناغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئىمپېرىيىنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېرىيە، رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ھەر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، بارغانسېرى ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى.

18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمران گۇرۇھى مەلۇم جايلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ھالاك بولۇش تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەنزىمات ھەرىكىتى ئىسلاھاتنى يۇقۇرى پەللىگە كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە غەرپتىكى زومىگەرلەر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىيغا، ئىقتىسادىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ناھايەت 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرى-

مىغا كەلگەندە ئىمپىرىيە يېرىم مۇستەملىكىلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياش تۈرك پارتىيىسى ئۆزۈل ـ كېسىل بولمىغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي قوزغىغان بولسىمۇ ئىمپىرىيىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. 1918 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئوسمان ئىمپىرىيىسى ئانتانتا دۆلەتلىرىبىلەن ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى مۇندۇرۇس كېلىشىمىنى تۈزۈپ بارلىق ئەرەپ زېمىنلىرىدىن ئايرىلدى. ھەتتا ئاناتولىيە زېمىنىمۇ ئانتانتا دۆلەتلىرى ئىشغالىيىتى ۋە كونتۇرۇللۇغى ئاستىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپىرىيىسى سىياسى گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى.

خەيرىنسا ئىسمايىل، مۇرات تەرجىمىسى

(«چەتئەل تارىخىي بىلىملىرى» ژورنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 7 ـ سانىدىن)

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەلاسۇفلار مۇنداق دىگەن:

ئادەمگەرچىلىك جەھەتتە باشقىلارغا قىلغان ياۋۇزلىقىڭ قانچە كىچىك، ئاز بولسىمۇ كۆپ دەپ بىلگىن. ئەگەر باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياۋۇزلىقى قانچە چوڭ بولسىمۇ ئۇنى كىچىك سانىغايسەن. مانا بۇ مۇرۇۋۋەت ـ مەرتلىكتۇر.

× ×

تىلىڭ ئۆز قولۇڭدىكى ئارسلاندۇر. ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتسەڭ ئۆزەڭنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر.

«فەۋا كەلچۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابدۇكېرىم راخمان

## ئەپسانە ۋە رىۋايەت

ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمقى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىشىدىكى بىر «ئىلىم»، ھەمدە ئىستىخىيىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «〈سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدى〉گە مۇقەددىمە» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئەپسانىدە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى بويسۇندۇرۇلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشقا ئەگىشىپ، ئەپسانىلارمۇ يوقىلىدۇ»① دەيدۇ. ف. ئېنگېلسمۇ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە: «گومېرنىڭ داستانى ۋە بارلىق ئەپسانىلەر، مانا بۇلار گرېكلارنى ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن مۇھىم مىراسلار» ② دەپ كۆرسىتىدۇ. ماركس، ئېنگېلس گەرچە يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەبىرلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەپسانىلىرى ئۈچۈن ئورتاقتۇر.

قەدىمقى ئىنسانلار جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرغان چاغلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى تېخى توغرا بىلەلمەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلغاندا قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزى ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 2 - توم، 113 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4 - توم، 22 - بەت.

ھەممىسىنى پەقەت «تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن» چۈشەندۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلايتتى. شۇنداق قىلىپ، تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە جىسىملارنى ئوبرازلاشتۇراتتى، جانلىقلاشتۇراتتى، ھەتتا ئىلاھىلاشتۇراتتى. مەسىلەن، ئاسمان - زېمىن، كۈندۈز - كېچە، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، قار، يامغۇر، چاقماق، تاغ - دەريا ۋە دەل - دەرەخ، ھەسەن - ھۈسەن ھەتتا تاغ - جىرالاردىن چىقىدىغان ئەكس سادا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك تەڭرىنىڭ ئوبرازى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئىپتىدائى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدىكى «خۇدا» نىڭ بۇنداق ئوبرازى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھىكايىلەر توقۇپ چىققان ئىدى. كېيىنرەك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى جەريانىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلىرى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئەپسانىلارنى ئىجات قىلدى. نەتىجىدە قەدىمقى ئەپسانىلار «خۇدالار» ۋە «قەھرىمانلار» توغرىسىدىكى ھىكايىلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلدى.

گەرچە، كىشىلەردە ئىپتىدائى ئىنسانلاردا تەبىئى شارائىتتا يۈز بېرىدىغان ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر خېلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغىسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاڭ - سېزىمى تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرىنى چۈشىنىش دەرىجىسىگە يەتمىگەچكە، ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بارلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلار «ئەپسانە»دەپ ئاتىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانە بىر خىل بەدىئى شەكىل بولۇپ، ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي تارىخىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللىكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە، مۇجمەللىكتىن - ئېنىقلىققا، فانتازىيىدىن - ئىلمىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى ئومۇملاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەپتىن، جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە ھالەتلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. بۇ تەرەققىيات مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم - پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رىياللىققا ئايلىنىشى ئەپسانىلەرنىڭ يوقىلىشىغا شەرت بولىدۇ. ك. ماركس: «يۇنانلىقلارنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ ئاپتوماتلاشقان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، تۆمۈر يول، پاراۋوز ۋە تېلېگىراممىلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ روبىرتىس شىركىتى تۇرغان يەردە ۋولقان نىمە قىلسۇن، چاقماق قايتۇرغۇچ تۇرغان يەردە يوپىتېر نىمە قىلسۇن؟

كۆچمە مۈلۈك ئىناۋەتلىك قەرز شىركىتى تۇرغان يەردە ھېرمېس نېمە قىلسۇن؟» ① دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇنى خۇلاسىلاپ، يۇنان ئەپسانىلىرى «تارىختىكى ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى»نىڭ مەھسۇلى، ئۇلار «مەڭگۈلۈك» سېھىرىي كۈچىنى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن باسقۇچ سۈپىتىدە نامايەن قىلىدۇ»② دېگەن ئىدى.

دېمەك، كىچىك ھەجىملىك، مەزمۇنەن ساددا بايان ۋە ھېكايە شەكلىدە تەشكىل تاپقان ئەپسانىلار ھەرقايسى خەلقلەر ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائى ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى خىيالىي شەكىلدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلەر ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت، دۇنياقاراش ۋە روھىي كېچىرمىلەر، ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم قىسمىنى خەلق ئاغزىدا ساقلانغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ، بۇلارمۇ خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق تارىخىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، باشقا ژانىرلاردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە رىۋايەتلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمىدى، ھەتتا بىرەر توپلاممۇ يوق. ئەمما، ئۇلارنىڭ قىسمەن ئۈلگىلىرى XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، ئىرانلىق تارىخشۇناس رەشىددىن، جۇۋەينى، خىۋە خانى ئوبۇلغازى، مىرزا ھەيدەر گوراكان، مۇسا سايرامى قاتارلىق ئالىم ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، جۇڭگونىڭ «تارىخنامە»، «خەننامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق داڭلىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا رۇس شەرقشۇناسلىرى ئاكادېمىك B. B. رادلوپ، C. ئولدېنبورگ، B. B. بارتولد، ئا. بېرنشتام، H. ф. كاتانوپ، C. E. مالوپ، قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئاز - تولا ئورۇن ئالغان. C. E. مالوپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ قەدىمقى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان بەزى سيوژېتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەپسانە رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا «ئەپسانە» سۆزىنىڭ ئۆزىدە مىفلىق ۋە رېياللىقتىن تاشقىرى، غەيرى تەبىئى ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇلار كۆپ ھاللاردا چۆچەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. «ئەپسانە (افسانە)» ئەسلىدە پارىسچە سۆز بولۇپ، فانتاستىكىلىق، سېھىر - جادۇلۇق ھەمدە ھاياتىي ئويدۇرمىلار ئاساس بولغان نەسرى ھېكايىلار دېمەكتۇر. ئەپسانە خاراكتېرىدىكى ھېكايىلار مەھمۇت

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 11 - توم، 113 - بەت.
② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 114 - بەت.

قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «Caw» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىپ ھېكايە، قىسسە، «ئۆتمۈش ۋەقەلەردىن خەۋەر بەرگۈچى» دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە «ھېكايىلەردە پەقەت ئۆتكەنلەر ھەققىدە ئېيتىلىش شەرت ئەمەس»① دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتمۈش ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچىلار بۇنداق خىيال ـ ئويدۇرمىدىن تەشكىل تاپقان ئەپسانىۋى ۋەقەلەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھېكايىنىڭ بۇ خىل شەكلىدە سېھىر، جادۇ، فانتاستىكىلىق ئېلېمېنتلار ھەمدە ھاياتىي ئويدۇرمىلارنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى خۇددى ئارىستوتىل «ئېيتقاندەك ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگۈچى يالغان ھېكايىلاردۇر.»

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رىۋايەت، چۆچەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىدا ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك قاتارلىق شەكىللەر بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن، ھەتتا ئۆز ئارا قوشۇلۇپمۇ كېتىدۇ. ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىككى ھالەت مەۋجۇت بولۇپ، بىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پروزا شەكلىدە. يەنە بىرى، بۇ ژانىرلارنىڭ بايانىدا فانتاستىكا، ئويدۇرما ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ ياكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇ ژانىرلار ھەققىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى ۋە قاراشلىرىدا ئۇلار تاشقى جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىكەن. ئاكادېمىك س.ئې. مالوۋنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تىلى» («Уйгурский язык»، موسكۋا، 1954 ـ يىل نەشرى) ناملىق كىتاۋىدىمۇ «ئەپسانە»، «رىۋايەت» دىگەن ژانىرلارنىڭ ناملىرى ئورنىغا ئورتاق ھالدا «ھېكايە، چۆچەك» دىگەن ئومۇمى ئاتالغۇنى قوللانغان. لېكىن مەزكۇر ژانىرلارنىڭ مەزمۇنەن ماھىيىتىدە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى مەۋجۇت. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى يېغىنچاقلىغاندا، نېمىس چۆچەكشۇناسلىرى ئاكا ـ ئۇكا گىرىملارنىڭ ئېنىقلاپ بېرىشىچە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر چۆچەكلەردىن بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ ئىشەندۈرگۈچى قۇۋۋىتى بىلەن پەرق قىلىدۇ. چۆچەكلەر ئەڭ ئاۋال سەنئەتكە تولۇق مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي ئاڭلىق ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي خىيالىي ئويدۇرما ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يالغان قۇرۇلمىسى بىلەن رېياللىققا زىچ تەدبىقلىنىدۇ.

ئەپسانىلەر بولسا ئىناۋەتلىك ھادىسىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن پىروزىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ سيوژېت قۇرۇلۇشىمۇ ھەرقاچان چۆچەكلەرگە ئوخشاش خىيال ۋە ئويدۇرمىدىن تەشكىل تاپقان. چۈنكى، ئۇنىڭسىز غەيرى تەبىئى ۋە ئاجايىپ سېھىرلىق مۆجىزىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى گەرچە ئەپسانىلەرنى چۆچەكلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرسىمۇ، لېكىن، ئەپسانىلاردىكى فانتاستىكىلىق ۋەقەلەر تىزمىسى مىفولوگىك ئوبرازلار بىلەن زىچ

① مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، تاشكەنت، 1963 ـ يىل 3 ـ توم، 168 ـ بەت.

باغلانغان ھالدا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى بولغان ئانىمىزىم ۋە توتېمىزىملىق قاراشلارنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. ئەپسانىدە چىقىرىلغان خۇلاسە مۇئەييەن پاكىت ھالىدا ئورنىغا قويۇلۇپ، «نېمە ئۈچۈن ئايدا داغ بار؟»، «نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاسماندا؟»، «ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟» دېگەنگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىپتىدائىي سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە كۆپرەك دىنىي ئىشەنچىگە ئالاقىدار غەيرى تەبىئىي، غەيرى مۇقەررەر ۋەقە - ھادىسىلەر ھىكايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپسانىلەر بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن چۆچەكلەرگە ئوخشاش مۇكەممەل ۋە پۇختا تۈزۈلۈشكە ئىگە ئەمەس. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى كۆچمە سيۇژېتلار ئاساسىدا پەيدا بولغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىل ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن كۆپ ھاللاردا «ئەپسانە - رىۋايەتلەر» قوشما سۆز تەرىقىسىدە بىر ئۇقۇم دەپ قارالسىمۇ، لېكىن، مەزمۇن خاراكتېرىدىن قارىغاندا ئۇلار ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر مەۋجۇت.

رىۋايەتلەر ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئويدۇرمىلار ۋاستىسىدە ھىكايە قىلغۇچى رىيال خاراكتېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى رىيال ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان پاكىتلاردىن تەشكىل تاپقان. شۇڭا، رۇس ئاكادېمىگى د.ۋ.گرېكوپنىڭ «خەلق ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن تارىخ» دېگەن سۆزلىرى رىۋايەت ژانىرىغا تازا ماس كېلىدۇ. دەرۋەقە، رىۋايەتلەر خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن تارىختۇر. شۇنداقلا خەلق ئاغزىدىكى دوكلات ئەدەبىياتى ھېساپلىنىدۇ. دېمەك، رىۋايەتلەر بىرەر ۋەقەگە قاتناشقان ياكى ئۇنى كۆرگەن شەخسلەرنىڭ شۇ ھالەتنى ئېغىزچە سۆزلەپ بېرىشى - ھىكايە قىلىشى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزگەرمەس كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا، رىۋايەتتە ھىكايە قىلىنغان ۋەقەلەر گويا تۈگەللەنمىگەندەك، داۋامى باردەك سېزىلىدۇ. قىسقىسى، ئەپسانىلارنىڭ باش قەھرىمانلىرى روھ، رىۋايەتلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى بولسا ئادەمدىن ئىبارەت.

## ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما مەنبەلەر ئارقىلىق مەلۇم بولغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى مەزمۇن خاراكتېر جەھەتتىن بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

1. مىفولوگىك ئەپسانىلار— «مىف» گرېكچە سۆز بولۇپ، ئىستىمال مەنىسى خۇدالار ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ئەپسانە دېمەكتۇر. مىفولوگىك ئەپسانىلار ئانىمىزىم ۋە توتېمىزىم ئەقىدىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىپىنىملىق (سېغىنىش، ئېتىقات) خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، قەدىمقى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرەشتىكى ئاجىزلىقى ئۇلارنى نامەلۇم كۆرۈنگەن ھادىسىلەرگە جاۋاب تېپىشقا، قانداقتۇر مەلۇم چۈشەنچە، تەساۋۋۇرلار يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى. بوران، يەر تەۋ-

رەش، تاشقىن، چاقماق چېقىش، كۈن تۇتۇلۇش، يامغۇر، ھەسەن ـ ھۈسەن...... ئوخشاش
غەيرى تەبىئى كۆرۈنگەن كۈچلەر دەھشىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن بۇ ئىنسانلار ئەنە شۇنـ
داق تەبىئەتنىڭ ياۋۇز كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشكۈچى ھامى ئىزلىرى. شۇنىڭ بىلەن ئىپـ
تىدائى مىفولوگىك تەساۋۋۇرلار پەيدا بولدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاسمان، ئاي، كۈن ھەمدە
خىلمۇ ـ خىل ھايۋانلار ھەققىدىكى «خۇدا»لار، غەيرى تەبىئى تەسۋىرلەنگەن، ئىلاھىلاشـ
قان قەھرىمانلار ھەققىدىكى مىفولوگىك ئەپسانىلارنى ھاسىل قىلدى. مەزكۇر ئەپسانىلار
ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرگە مەنىۋى كۈچ، جاسارەت ۋە خوشال ـ خۇراملىق بەخش ئەتتى،
ئىنسانلارنى غەلىبىگە ئۈندىدى. «قەدىمقى ھېكايىلەر، ئەپسانە، مىفلارنىڭ ئاساسىي غايىسى
قەدىمقى دەۋردىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ يۈكسەك يەڭگىللەشتۈرۈشكە، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇـ
رۇشلىرىغا، تۆت ئاياقلىق ۋە ئىككى ئاياقلىق دۈشمەنلەرگە قارشى قورالـ
لىنىشلىرىغا ھەمدە سۆز كۈچى ـ «ئەپسۇن» يولى بىلەن تەبىئەتنىڭ
كىشىلەرگە خەتەرلىك بولغان ھادىسىلىرىگە تەسىر ئېتىشلىرىگە قارىتىلغان».① بۇنىڭدىن
كۆرۈشكە بولىدۇكى، مىفولوگىك ئەپسانىلار ئىنسانلارنىڭ شات ـ خۇرام ياشاش ھەمدە تەـ
بىئەتنىڭ ھەر خىل ياۋۇز كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئىسـ
تەكلىرىنىڭ بەدىئى ئىنكاسىدۇر.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار قۇياش نۇرى ۋە ئىسسىقلىقىنى ياخشىلىق، بەخت ـ سائادەتنىڭ
بەلگىسى دەپ قاراپ، ئۇنى يامانلىق، بەختسىزلىك، زۇلمەتنىڭ بەلگىسى بولغان دەھشەتـ
لىك سوغاققا قارىمۇ ـ قارشى قويۇپ، بەخت دۇنياسى ۋە بەختسىزلىك دۇنياسى دېگەن
مىفلارنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گويا تەبىئەتتە ئۇلۇغ ۋە پايدىلىق كۈچلەر — قۇـ
ياش ۋە سۇ ئەبەدى بولغان ئۆلكە (دۇنيا) ھەمدە ئاپەت كەلتۈرگۈچى كۈچلەر — زۇلمەت
ۋە كۈلپەت ئەبەدى بولغان ئۆلكە بارمىش. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىكى كۆپلىـ
گەن مىفولوگىك ئوبرازلار مانا مۇشۇ ئىككى ئۆلكە ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شەكـ
لىدە گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇياشقا، ئوتقا ئېتىقات قىلىپ، ئۇنىڭغا
تېپىنىش ئىنتايىن قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. تايىقىن كۈنلەرگىچە توي ۋە
باشقا مۇراسىملاردا گۈلخان يېقىش ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش، كۈنگە قاراپ تۈكۈرـ
مەسلىك، ئاي، كۈن تۇتۇلغاندا قازان، چىلەك، داسلارنى چېلىش ياكى نەزىر قىلىپ جاـ
مائەت بىرلىكتە ئەزان چىلالاشقا ئوخشاش ئۆرپ ـ ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇـ
لار ئەنە شۇ قەدىمقى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىزلىرىدۇر. بۇنداق ئىپتىدائى تەسەۋۋۇرلار بىلەن
باغلىق بولغان ئەپسانىلار قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە ئىپادىـ
لەنگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن شىنجاڭ «مىڭ
ئۆي»لىرىنىڭ نەقىشلەنگەن تام سۈرەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن. مۇشۇ ئاساستا خۇددى
قەدىمقى يۇنانلىقلارنىڭ ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان «ئولۇمپۇس تېغىدىكى خۇدالار شەجەرـ

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، تاشكەنت، 1962 ـ يىل نەشرى، 265 ـ بەت.

سى»گە ئوخشاش قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا خىلمۇ-خىل خۇدالارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان. مەسىلەن، قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىترا، شات - خوراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخىت، بەخت - تەلەي ۋە دۆلەت خۇداسى — ھوما، سۇ خۇداسى — ئاناختا ۋە خوببى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى — مىررىخ، ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك خۇداسى — كيۇمارس، يىما (جەمشىت) قاتارلىقلار. يامانلىق كۈچلىرى بولسا ئەجدىھار دىۋە، جىن (يەگ) ئوخشاش سەلبى ئوبرازلاردا مۇجەسسەملەشكەن. خەلقىمىز ئارىسىدا بۇ «خۇدا»لارنىڭ ھەر بىرىنىڭ خاراكتېرىنى شەرھلەيدىغان خىلمۇ - خىل ئەپسانىلار بار بولۇپ، ئۇ كېيىنچە «ئاۋېستا» كىتاۋىدىن ئورۇن ئالغان. كيۇمارس ۋە جەمشىت ھەققىدىكى مىفولوگىك ئەپسانىلار ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاريانتلىرى قەدىمقى يازما مەنبەلەردىن «ئاۋېستا»، «تارىخ تەبەرى» ھەمدە ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ «ئۆتمۈش ئەسىرلەردىن قالغان يادىگارلىقلار» ناملىق كىتاۋىدا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە كۆرۈش مۇمكىن. بۇ ئەپسانىنىڭ بىرونى ئەسىرىدىكى بايانىغا قارىغاندا، ئاھرامانىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن خۇدا ھەيرەتتە قېلىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىدۇ. تەرنى سۈرتكەندە، تەر تامچىسىدىن كيۇمارس تۇغۇلىدۇ. خۇدا كيۇمارسنى ئاھرامان يېنىغا ئەۋەتىدۇ. كيۇمارس ئاھرامان يېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالىدۇ ۋە شۇ ھالدا دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئاھرامان بىر ھىلە بىلەن كيۇمارسنى يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ تۇرۇپ: «سېنى قايسى تەرىپىڭدىن يەي؟» - دەپ سورايدۇ. ئاھرامانىنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن كيۇمارس: «ئاياق تەرىپىمدىن يېگىن، ئاخىرقى نەپىسىمگىچە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن كۆپرەك ئوزۇق، بەھرى ئېلىۋالاي» — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئەمما كيۇمارس ئاھرامان دىۋىنىڭ ئۇ ئېيتقان گېپىنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىشىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئاھرامان كيۇمارسنى بېشى تەرىپىدىن يېيىشكە باشلايدۇ. بېلىگە يەتكەندە كيۇمارسنىڭ ئۇرۇقدانىدىن ئىككى تامچىسى يەرگە چۈشىدۇ. ئۇلاردىن ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ چىقىدۇ، شۇ ئۆسۈملۈكلەردىن بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز (مېشى ۋە مېشان) پەيدا بولىدۇ①. بۇ مىفولوگىك ئەپسانىدە كيۇمارس يەر يۈزىدە پەيدا بولغان 1 - ئادەم سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن بولۇپ، ئۇ ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈكنىڭ ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىپتىدائى ئىشەنچىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

مۇنداق مىفولوگىك ئوبرازلار يىراق ئۆتمۈش دەۋرلەردە مۇقەددەس سانىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەتكارىغا ئايلانغان ۋە خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئىدىيال قەھرىمانلىرىغا ئايلانغان. خۇدالار، پالۋانلار توغرىسىدىكى يۇقۇرقىدەك ئەپسانىلارنىڭ بەزى ۋاريانتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئا-

① «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» 1 - توم، تاشكەنت، 1977 - يىل نەشرى، 26 - بەت.

دىمى ئات» ئەپسانىسى شۇ جەھەتتىن خاراكتېرلىق بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يارىتىلغان مىفولوگىك ئەپسانىلارنىڭ يارقىن نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇش ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئەپسانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

> ئۆتكەن زاماندا نوھ پەيغەمبەر بويى بۇلۇتقا تاقىشىدىغان قاۋۇل بىر ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن كېمە ياساشنى سوراپتۇ. بۇ ئۇستىنىڭ ئىسمى «ئادىمى ئات» ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئىگىز بويلۇق، كۈچلۈك بولۇپ، دەريا ۋە دېڭىزلاردا لەھەڭلەرنى تۇتۇپ، قۇياشقا قاقلاپ يەپ جاھانسازلىق قىلىدىكەن. «ئادىمى ئات» نوھ پەيغەمبەرنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ تاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. قەيەردە ئىگىز دەرەخ بولسا كېمە ياساش ئۈچۈن كەسمەكچى بولۇپتۇ. تاغدا تۆت تۈپلا چىنار بار ئىكەن. ئۇ چىنارلارنى يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىپ يەلكىسىگە ئارتىپ، ئۈستىگە نوھ پەيغەمبەرنى ئولتارغۇزۇپ، دېڭىز بويىغا راۋان بولۇپتۇ. «ئادىمى ئات»نىڭ ئىشتىيى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەتتا ناشتىلىقى ئۈچۈنلا بىر كۆلچەك سۇغا نان چىلاپ ئىچىۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ «ئادىمى ئات» ئىنتايىن چوڭ بىر كېمە ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ. ھەممە ئادەملەرنى، ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى كېمىگە سېلىپ، ئۆزى كېمىنى تارتىپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزۇپتۇ. ھازىرقى ئىنسانلار ئەنە شۇ «ئادىمى ئات» كېمىسىگە چىقىپ ساق قالغان ئادەملەرنىڭ نەسلى ئىكەن.

بۇ ئەپسانە س. پ. تولستوينىڭ «ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ نەقىل قىلىنغان بولۇپ، «ئات» سۆزى پارس - تاجىك تىلىدا «يوغان ئادەم»، «چوڭ ئادەم» مەنىسىنى بېرىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «ئادىمى ئات» - سۇ مۇئەككىلى، مەرھەمەتلىك قەھرىمان سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. مەزكۇر ئەپسانە دىداكتىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، «ئادىمى ئات» بۇ ئەپسانىسىدا ئومۇم خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئىش تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەپسانە قەبىلە ۋە ئۇرۇق روھى، كۈچ - قۇدرىتى، ئارزۇ - ئۈمىدى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مىفولوگىك ئەپسانىلارنىڭ يەنە بىر خىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى توتېم ئەپسانىلىرىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، توتېم ئۇ ياكى بۇ ئۇرۇقنىڭ ئېتىقات قىلغان ھىمايىچىسى سۈپىتىدە، ئادەمنىڭ كۆپىنچە بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك، بەزەن جانسىز نەرسە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچە ئېتىقاتىدىن كېلىپ چىققان. تۈركى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇرۇغىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەڭ دەسلەپ قۇياش، سۇ ۋە ئوتقا ئېتىقات قىلغان. كېيىنچىرەك ئات، ئۆكۈز، يىلان، بۆرە، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارغا ئېتىقات قىلغان. بۆرىنى بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى كۈچ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەجداتى دەپ بىلگەن ۋە شۇ تەرـ

قىدە تۇتىملار بىلەن باغلىق بولغان بىر قانچە ئەپسانىلار بارلىققا كەلگەن، بۇ ئەپسانىلاردا كۆپىنچە ئات ئىلاھى ۋە بۆرە ئىلاھى ھىكايە قىلىنغان.

ئات ئىلاھى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكى بىلەن بىۋاستە باغلىق بولۇپ، ئاتلارنى ئەمگەك ھايۋىنى سۈپىتىدە ئىگىلىكتە پايدىلىنىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئارخېئولوگىك قېزىلمىلاردا ئېنىقلانغان يېرىمى ئات، يېرىمى ئادەم سۈپەت بېرىلگەن رەسىملەر (بۇنداق تەسۋىرىي سۈرەتلەر شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپلىگەن گۈللۈك كېمىرلىرىدا ئۇچرايدۇ)، يېقىن كونلەرگىچە ئېكىن مەيدانلىرى قەۋرە باشلىرىغا ئاتنىڭ كاللا سۆڭىكىنىڭ ھىمايىچى سۈپىتىدە قويۇلۇشى ... ۋە باشقىلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسان ئېڭىدا مەۋجۇت بولغان ئات ئىلاھى ھەققىدىكى ئېتىقادنىڭ بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ. بۆرە قەدىمقى ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى ئارىسىدا تۇتىم ھېساپلانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن قەدىمقى تارىخىي مەنبەلىردە ھىكايە قىلىنغان ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە بۆرە تۈرك ئۇرۇغىنىڭ ئەجداتى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئەپسانىلاردا تەسۋىرلىنىشىچە، قەدىمقى تۈركلەر (ئانا بۆرىدىن ۋە دۈشمەن تەرىپىدىن قىرىلغان ئۇرۇق ئىچىدە تىرىك قالغان ئون ياشلىق ئوغۇل بالىدىن تارقالغان، بۇ بالىنى ئانا بۆرە قول - ئاياقلىرى كېسىلگەن ھالدا تېپىۋېلىپ، ئۇنى ئاسراپ باققان، شۇنىڭدىن كېيىن تاغلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە ئانا بۆرى بالىدىن ھامىلدار بولۇپ ئون بالا تۇققان، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى چوڭ بولۇپ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تۈرك ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان، ئاشىنا ئۇرۇغى ئەنە شۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشىنا ئۇرۇغى خانلىق قۇرغاندا ئۇلارنىڭ بايرىقىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن. ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ نامى «بۆرى» دەپ ئاتالغان. ھازىرغىچە يېزا - قىشلاقلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئۇلۇۋاقلاپ بويىنىغا ياكى بۆشۈگىنىڭ بېشىغا بۆرە ئوشۇغىنى ئېسىپ قويۇش، ئۈزۈن سەپەرگە چىققاندا بۆرە سۆڭىكىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋېلىش، تۇنجا تۇغۇتتا ئانىنى بۆرىنىڭ تېرىسىگە ئولتۇرغۇزۇش. «ئوغۇل تۇغدى» دېگەننىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغدى» دېگەن مېتافورىنى ئىشلىتىش... قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىدىيىۋى ئىشەنچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بۆرە تۇتىمى» ھەققىدىكى ئەپسانىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» «جۇنامە»، «سۈينامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەندىن باشقا، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، «شەجەرەئى تۈرك»قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش مەزمۇن قىلىنغان كۆپلىگەن ئەپسانىلار ئۇچرايدۇ.

يۇقۇرقى ئەپسانىلاردىكى مىفولوگىك ئوبرازلار قەھرىمانلىق خاراكتېرىدىكى ھىكايە ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەڭ زېمىن بىلەن تەمىنلىدى. مۇنداق ھىكايە

ۋە داستانلاردىكى قەھرىمانلار ئىپتىدائىي مىفولوگىك ئەپسانىلاردىكى ئوبرازلارغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يارىماسلىقلىرى. زۇلۇم ۋە زۇلۇمغا نىسبەتەن قارشى چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۈس ئېلىپ، فانتازىيىدىن رېئاللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

2. خىيالىي قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار — بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ قەھرىمانلىرىمۇ ئىلاھلاشقا روھ ياكى «يېرىم ئىنسان، يېرىم ئىلاھىي» شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «دىۋە قەلئە» («تىلسىملىق قەلئە»)، «شېرىن قىز»، «پەرھات ئۆستىڭى»، «شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىپ»... قاتارلىق توقۇلما ئەپسانىلار مەزكۇر تۈركۈمگە ئائىت بولۇپ، بۇ ئەپسانىلاردا ئىنسانلارنىڭ چەكسىز كۈچى ۋە گۈزەللىكى مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سيوژېتى كۆپرەك خىيالىي، فانتاستىك ئويدۇرمىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە مەلۇم بىر تارىخىي جايلار، تاغ - جىلغىلار، دەريا - ئۆستەڭلەر، مۇنار - قەلئەلەر بىلەن باغلانغان ھالدا ھېكايە قىلىنىدۇ.

«بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھات ئىسىملىق دىۋە قۇرغان ئىمىش. پەرھات خارازىم شاھىنىڭ شېرىن ئاتلىق قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بۇ پادىشانى ۋەھىمىگە سالىدۇ. قىزىنى دىۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشا ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىشتىن قورقۇپ، جادىگەر كەمپىردىن ياردەم سورايدۇ. جادىگەر كەمپىر پەرھاتقا بېجىرىپ بولغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىنى — قاراقۇرۇم چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويۇشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. دىۋە پەرھات بۇ شەرتنى قوبۇل كۆرۈپ، يىراق جەنۇپتىكى قاراڭغۇ تاغدىن يەلكىسىدە تاش توشۇپ كېلىپ قەلئەنى قۇرۇشقا باشلايدۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا نېمە قىلارىنى بىلمەي يەنە جادىگەر كەمپىرنى مەسلىھەتكە چاقىرىدۇ. جادىگەر پادىشاغا ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى 9000 يېڭى تۇغۇلغان بوتىلاقنى ۋە يەنە شۇنچىلىك تاي، موزاي، قوزىنى بىرلا ۋاقىتتا ئانىلىرىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشنى ئۆزى توغرىلىماقچى بولىدۇ. جادىگەر بەلگىلىگەن ۋاقىت ئىچىدە پەرھاتنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە خارازىم تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغا - زارە ئاڭلىنىدۇ. بۇ باللىرى سويۇلۇۋاتقان مىڭلاپ - مىڭلاپ ئانا ماللارنىڭ بوقۇرىغان ئاۋازى ئىدى. پەرھاتنىڭ «بۇ نېمە يىغا - زارە؟» دىگەن سوئالىغا جادىگەر كەمپىر: «ھازىرلا مەلىكە شېرىن ۋاپات ئەتكەن ئىدى، شۇنىڭغا خارازىمدىكى پۈتۈن جاندارلار ھازا تۇتماقتا» — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. سۆيگەن مەشۇقىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن قايغۇرغان پەرھات ئۇنىڭسىز ياشاشنى خالىماي، دەر - غەزەپ بولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاشلارنى ئاسمانغا ئاتىدۇ، بۇ يوغان قورام تاشلار پەرھاتنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ ئۇنى ئېغىر زەخمىلەندۈرىدۇ. پەرھاتنى ياخشى كۆرۈپ قال-

خان شىرىن دەرھال پەرھات قەلئەسىگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئاشىغى پەرھاتنىڭ جەسەدى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق تىقىپ، پەرھات بىلەن بىللە ھالاك بولىدۇ»①. بۇ ئەپسانە «پەرھات-شىرىن» قىسسىسىگە ئاساس بولغان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ساپ سۆيگۈ-مۇھەببەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى خەلقنىڭ غايىسى بىلەن باغلانغان ھالدا ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت.

«شىرىن قىز» ئەپسانىسىدە شىرىن گۈزەللىك تىمسالى سۈپىتىدە نامايەن بولۇپ، پەزىلەتلىك ئاياللارغا خاس ئەخلاق نەمۇنىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: «شىرىن شۇنداق گۈزەل قىز ئىدىكى، تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھۆسنى-جامالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ساناپ يەر يۈزىدە تۇرىدىكەن، ھەممە كىشى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شىرىن بالاغەتكە يېتىپ گۈزەللىكى كۈندىن-كۈنگە ئارتقاچ، كىشىلەر ئاينى ماختىماي، شىرىننىڭ ھۆسنى-جامالىنى تىللاردا داستان قىلىشىدىغان بولۇپتۇ: بۇنىڭغا ئاينىڭ رەشكى تۇتۇپ، غەزەپلىنىپتۇ: ئەجابا، مەن تۇرغان يەردە شىرىننى ماختىغىنى نىمىسى؟ شىرىن بىلەن ھۆسنۈمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيچۇ! شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كىملىگىمنى بىلىپ قويۇشسۇن؟ — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاي شىرىننى قېشىغا چاقىرىپ: ‹سەن كىم، مەن كىم، ئەل ئاغزىدا ھۆسنۈڭ تەرىپى ئالەمگە سىغماپتۇ، كەل، ئىككىمىز ئۆزىمىزنى گۈزەللىك تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ كۆرەيلى، كىم چىرايلىق بولسا تارازىدا مەلۇم بولىدۇ› — دەپتۇ. شىرىن خىجالەت بولۇپ: ‹ھۆسۈندە ئەلۋەتتە سىز زىيادىسىز، مەن سىز بىلەن ھۆسۈن دەۋاسى قىلمايمەن، مېنى خىجىل قىلماي قويۇۋېتىڭ› — دەپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ‹سەن ھۆسۈن دەۋاسى قىلمىساڭ، كىشىلەر نېمىشقا سېنى مېنىڭدىن چىرايلىق دېيىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن سەن مەندىن چىرايلىق ئىمىشسەن، تارازىدا تارتىشىپ كۆرمىسەك زادى، بولمايدۇ› — دەپ شىرىننى مەيلىگە قويماي، ئۇنى ئۆزى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان تارازا ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ تاماشىغا پۈتۈن خالايىقنى گۇۋاچى قىلىپ چاقىرىپتۇ. ئاي مەغرۇرلىنىپ: «مانا شىرىن، مانا مەن! كۆرۈڭلار، ھازىر ھۆسۈندە كىم ئۈستۈن ئىكەن؟ — دەپ كىرىلىپ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە چىقىۋاپتۇ. نائىلاج قالغان شىرىن ئۇك ئايغىنى، ‹بىسمىللا› دەپ تارازىنىڭ يەنە بىر بوش پەللىسىگە قويار-قويماي، ئاي لەگلەكتەك لىككىدە كۆتىرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. نومۇس كۈچىدىن ئاي يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشەلمەي، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسماندا قالغان ئىكەن».

دېمەك، بۇ ئەپسانىنىڭ سيۇژېتى ھەمدە قەھرىمانلار پائالىيىتى چۆچەكلەرگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەرتلىك ۋە گۈزەللىك، نەپىسلىك ۋە نازاكەت مەدھىيىلىنىدۇ.

① تولستوپ: «قەدىمقى خارەزىم مەدەنىيىتىنى ئىزلەپ»، تاشكەنت، 1964 - يىل نەشرى، 30 - بەت.

ئەپسانىدە چىقىرىلغان خۇلاسە مۇئەييەن پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپاتلىنىپ، «نېمە ئۈچۈن ئاي ئاسماندا؟» دېگەن ئىپتىدائىي سوئاللارغا ساددا تەسەۋۋۇر ياردىمى ئارقىلىق جاۋاپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ يەنە بەزىلىرى كۆچمە سىيوژېتلار ئاساسىدا پەيدا بولغان بولۇپ بۇخىلدىكى ئەپسانىلار كۆپرەك مۇئەييەن ھادىسە، قەبىلە، ئۇرۇقناملىرى، شىنجاڭدىكى جۇغراپىيىلىك ناملار، قەلئە، قورغان، شەھەر، ساراي، مۇنار، دەريا ۋە كۆللەر، مازار ـ مەقبەرىلەر، تاغ ۋە جىلغىلار بىلەن باغلانغان ھالدا، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋەيران بولۇش سەۋەپلىرى ئۇ ياكى بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدا قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى قاڭقىلى (گاۋچاڭ)، قىپچاق، قارلۇق، قالاچ قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇرۇق ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار خاتىرىلەنگەن. تۇرپاندىكى بىر ئۆڭكۈرگە باغلىق بولغان ئەپسانىدە داقيانۇس پادىشاسىدىن قېچىپ كېلىپ، ئۆڭكۈردە مۆكۈپ ياتقان يەتتە ئەۋلىيانىڭ تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن («تۇرپان داقيانۇس ئەپسانىسى» گە قاراڭ). ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈردە 300 يىل ئۇخلىغان. ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئىدىقۇت دۆلىتىنى قورغان، ئۇلارنىڭ دۆلىتى 6000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئەنە شۇ ئۆڭكۈر بىلىم ۋە بەخت مەنبەسى ھېساپلانغان. تۇرپاندىكى داقيانۇس قەلئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلاردىن چىققان يەتتە ئەۋلىيانىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر مۇنچە ئەپسانىلارنى رۇسىيىلىك ن. ف. كاتانوپ چۆچەك شەكلىدە يېزىۋېلىپ، ئۇنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ 1897 ـ يىل قازاندا نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئەپسانىلاردا ئاساسەن ئەنە شۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئۇزاق ھەم بەختلىك ئۆمۈر بېرىدىغانلىقى، كىشىلەرنى ھەرقانداق غەم ـ قايغۇ ۋە نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى، كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتىشكە ياردەم قىلىپ غەلىبە قازاندۇرىدىغانلىقى، مال ـ مۈلكىنى ئوت، سۇ ۋە ئوغرىغا ئوخشاش ھەرخىل بالايى ـ ئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدىغانلىقى، ئەگەر ئىككى قات ئاياللار ئەۋلىيالارنىڭ نامى يېزىلغان تۇمارچىنى سول بىقىنىغا ئېسىۋالسا، تۇغۇتنىڭ يېنىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش بىرمۇنچە ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تەكلىماكاننىڭ سىرى، كەتەك شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، بوغدا تېغى، خانتەڭرى چوققىسى، بوغدا تېغىدىكى «توپ ئاتارغۇجام» مازىرى، ھەزرىتى مولـلام مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، ئىدىقۇت شەھىرى قاتارلىق تارىخىي جايلار ناملىرى ھەققىدىمۇ خەلق ئارىسىدا كۆپلىگەن ئەپسانىلار بار بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم تارىخىي چىنلىق قانتاستىك ئويدۇرمىلار ۋاستىسىدە ھېكايە قىلىنغان. گەرچە، بۇ ئەپسانىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ دىنىي خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ ئەمگەكچانلىق بىلەن ھالال نىيەتنىڭ ساغلام ئەخلاققا زىت بولغان ھەممە نەرسىلەر ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېساپتا غەلىبە قازىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەدىمىدىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دىمەك، مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلار ئومۇملۇق جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار — بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ ئاساسىنى جەڭنامە تىپىدىكى ئەپسانىلار ياكى قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلارنى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارمۇ مۇئەييەن تارىخىي چىنلىقنى توغرا ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. ئۇلاردا گەرچە بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئايرىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىزىنى چۆرىدەپ ھېكايە قىلىنسىمۇ، لېكىن، تارىخىي ھەقىقەتكە زىت بولغان ھادىسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەپسانىلارنىڭ ھەر بىرى قەدىمقى ئىنسان دۇنيا قارىشى، ساددا، ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ۋە بىلىمىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇلاردا پەقەت رىيال ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولغان ئېلېمېنتلارلا ساقلانغان، خالاس. بۇنىڭغا قەدىمقى ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل جەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە يارىتىلغان «ئوغۇزنامە»، «تۇمارىس»، «شىراق»، «رۇستەم»، «ئىسكەندەر»، «كۆچ ـ كۆچ»، «بوكۇخان»، «ئەفراسىياپ»، «گۆر ئوغلى»، «ئالپامىش»قا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەپسانىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت، ئۆز ئېلىنىڭ ئازادلىقى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش، شىجائەت ۋە مەردلىك، باسقۇنچىلارغا قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئادىللىق ۋە راستچىللىق، ئالىيجاناپلىق ۋە قەيسەرلىك «تۇمارىس» توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ باش قەھرىمانىدا بولغان تۈپ خىسلەتلەردۇر («تۇمارىس ئەپسانىسى»غا قاراڭ). تۇمارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانىنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ تارىخىي قىممىتى زور بولغان ئەپسانىلارنىڭ بىرىدۇر. «تۇمارىس ئەپسانىسى»دە تەسۋىرلەنگەن ماسساگېتلار قەبىلىسى ۋە بۇ قەبىلىنىڭ زالىم كەيخىسراۋ باشچىلىقىدىكى ئىران باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى گەرچە تارىخىي پاكىت بولسىمۇ، لېكىن، مەزكۇر ئەپسانىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ئەسلى تارىخىي مەنبەدىن خېلى دەرىجىدە يىراقلاشقان. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىقى يوقىلىپ، پەقەت ئىستېتىك فۇنكسىيىسىنى بېجىرگۈچى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەپسانىدىكى قەھرىمان ئوبرازلار مەلۇم دەرىجىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ئەمما، بۇ خىلدىكى ئەپسانىلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى بىلەن رىۋايەتلەرگە يېقىن تۇرىدۇ. جۈملىدىن قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بىخى سۈپىتىدە تارىخقا يېقىندىن ھەمرا بولىدۇ.

4. بەزى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار — بۇ خىلدىكى ئەپسانىلار مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىر خىلدىكى

ئەپسانىلاردا ئادەملەر ھەر خىل جىنايىتى ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن چوشقىغا، قارغىغا، تاشپاقىغا، چايانغا، چاشقانغا، بۆرىگە، تۈلكىگە، ئىتقا، ئېيىققا ئوخشاش ھەر خىل مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇلغانلىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر زاماندىكى ئادەملەر نەسلىدۇر. مەسىلەن، پىل بىر زامانلاردا نانۋاي بولۇپ، ئۇ خېرىدارلارنى ئالدىغان ئىمىش؛ مۈشۈك ئورچۇق ياسىغۇچى ئۇستا بولۇپ، ئەسكى، ناچار ياغاچلاردىن ياسىغان ئورچۇقلىرىنى داڭلاپ ساتقان؛ ئېيىق بوياقچى بولۇپ، يالغان بوياقنى جىڭ بوياق دەپ ساتقان؛ تۈلكە ھىلىگەرلىك بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرغان؛ بۆرە قاسساپ بولۇپ، ھارام بولۇپ قالغان ماللارنىڭ گۆشىنى ساتقان ئىمىش. شۇ سەۋەبلىك خۇدا ئۇلارنى قاغاپ، ئەنە شۇنداق بەت-بەشرە مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ ئەپسانىلەرمۇ مىفولوگىك مەزمۇن بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق مەزمۇندىكى ئەپسانىلار باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ فولكلورىدا ئۇچراشمايدۇ. يەنە بىر خىلدىكى ئەپسانىلاردا بولسا ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە قىزىقارلىق ھىكايە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «نېمە ئۈچۈن تۆگىنىڭ قويرۇقى قىسقا؟»، «قارغا نېمە ئۈچۈن قارا بولۇپ قالغان؟»، «ھۆپۆپ نېمە ئۈچۈن سېسىق؟، ئۇنىڭ تاجىسى نەدىن كەلگەن؟»، «بۇلبۇل نېمە ئۈچۈن تاڭ سەھەردە سايرايدۇ؟»، «پاشا نېمىشقا غىڭشىيدۇ؟»، «ئادەملەر نېمە ئۈچۈن قالغاچنى ئۇلۇقلايدۇ؟» ۋە باشقىلار. بۇنداق ئەپسانىلار «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ تەرىقىسىدە تۈزۈلگەن، ھىكايە قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن چۆچەكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھازىرغىچە چۆچەكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋىلىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك يارقىن بەدىئى ئوبراز يارىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ سيوژېت قۇرۇلۇشىدا ئىپتىدائى تەسەۋۋۇردىن بارلىققا كەلگەن خىيالىي ئويدۇرمىلار ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق غەيرى تەبىئى ۋە ئاجايىپ سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ھىكايىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەئەسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئەسلى مەۋجۇت بولغان قەدىمقى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇئەييەن دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقنىڭ مۇھىتقا، ھەققانىيەتكە باغلىق قاراشلىرى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قاراشلار بەكمۇ ساددا، ئىلمىدىن تامامەن يىراق بولسىمۇ، ئەينى پەيتتە ئۇ ياكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىشكە، ئۇنى تەستىقلاشقا ھەركەت قىلىدۇ.

دېمەك، ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئەپسانىلارنى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك چۆچەكلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا بەزى ئەپسانىلاردا چۆچەكلەردىن ئېلىنغان سيوژېتلارمۇ ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلار ئۇيغۇر فولكلورى ئىچىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم ژانىر بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلارنىڭ (جۈملىدىن رىۋايەتلەرنىڭ) ئىجتىمائى غايىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە بىر خىل مۇرەككەپ ئىلمىي ھادىسە.

بەزىلەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىپتىدائى ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى قارا - قويۇقلا ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان "ئولۇمپۇس تېغىدىكى خۇدالار "دەك" مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان"، ھەممىگە قابىل ۋە قادىر "خۇدا"لار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خۇدالار ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئى مايىللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، كېيىنچە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قويۇق ئىجتىمائى تۈس ئالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ "خۇدا"لار ياكى ئىدىياللاشقان قەھرىمانلار، "خۇدا" بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلغان "يېرىم ئىنسان"، «يېرىم خۇدا» لاردۇر. شۇڭا، ئەپسانىلاردىكى «ئىلاھ» ياكى «ئىلاھى كۈچ» ئەجداتلىرىمىزنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستراكت، مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي رىياللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئالاھىدە ۋە ئوبرازلاشقان ئىنكاسى بولغاچقا، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەيدا بولغان بىردىن - بىر «دىنىي ھەقىقەتچىلىك» ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئەلۋەتتە روشەن پەرق قىلىدۇ. ف. ئېنگېلس: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدىئولوگىيىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسى، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ بىر بۆلۈگى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇچاغدىكى ھەرقانداق ئىجتىمائى ھەركەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇپۈتۈنلەي دىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھىسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەركەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى» ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھەقىقەتەن، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرىدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە، بۇ كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاتلار ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئاساسىي

① ف. ئېنگېلس: «لیۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 86 - 87 - بەتلەر.

گەۋدىسى ۋە تەلىماتلار سىستېمىسى ئېتىۋارى بىلەن ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرى شارائىتىدا ماتېرىيالىستىك ۋە دىيالېكتىك خاراكتېردىكى ھەقىقەتچىلىك ۋە مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئاز بولمىغان ئىلغار ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىتى سۈپىتىدە ئۆزدەۋرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان جانلىق شاھىدى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس مىراسلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارقەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي غايىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئاساسلىق مەنبەئەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق ھالدا توپلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

بىر ھېكىم ئۆز ئوغلىغا مۇنداق دىدى:

مۇرۇۋۋەت① ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر. ھەرقانداق جەھەتلەردىن كىشىلەردە بولغان ھەققىڭنى ئۇنتۇغايسەن. غەيرىلەرنىڭ سەندە ھەققى بولغان بولسا، ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. كىچىكتۈرمەي جاۋاپ قىل.

× ×

① مەرتلىك، سېخىلىق، ئادەمگەرچىلىك.

«فەۋا كەلچۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

نۇرمۇھەممەت زامان

پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنى فېئودال كۈچلەرنىڭ زۇلمى دەستىدىن يانار تاغ ھالىتىدە تۇرغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرەش پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەينى يىللاردا خۇددى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش شىنجاڭدىمۇ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق زۇلمى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ئىدى. بۇ ھال، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى تېزلەتتى. ئەشۇنداق ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئاستىدا خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۆرەشلىرى كەينى - كەينىدىن پارتلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىدىمۇ ناھايىتى زور بۇرۇلۇش بولدى. چوڭ - چوڭ تارىخىي خاراكتېرلىق ۋەقەلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى؛ 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ پارتلىدى، بىراق بۇ قوزغىلاڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غالجىر كۈچلىرى تەرىپىدىن تېزلا باستۇرۇۋېتىلدى؛ 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكالاپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان قۇمۇل خەلقى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھەركىتىگە قىزغىن ئاۋاز قوشتى؛ «قۇمۇل خەلقى ئۆز ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ تۈگىشىنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغاندا تۆمۈرخەلپە ئۆز يېزىسىدىكى خەلقنى يېتەكلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان ۋەقە مۇنداق ئىدى: 1912 - يىلى 3 - ئايلاردا مەنچىڭ ۋە شامەخسۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى قوراي يېزىسىغا نامرات خەلقتىن باج - سېلىق ئېلىشقا كېلىپ، ۋاقتىدا باج تاپشۇرالمىغان دېخانلاردىن 10 نەچچە كىشىني باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭىدۇ. بۇنى كۆر-

گەن خەلقلەر يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ، بەزىلىرى بۇ قانخور ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۆچمەنلىكىنى باسالمايدۇ. خەلقنىڭ يىغا ـ زارىغا چىدىيالمىغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئوردىدىن چىققان ئەمەلدارلار ئالدىغا بېرىپ، تۇتۇپ كەتكەنلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ تەلەپلەر زالىم ئەمەلدارلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. قوراي يېزىسىدىن بولغان تۆمۈر خەلپە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاھ ـ زارىغا، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىماي 300 گە يېقىن ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باشقا تاغ ـ جىلغىدىكى خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ سېپى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ»①

دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچى بولۇپ قالغان تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى بۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن ياڭ زېڭشىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن كېلىشىم تۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل بېرىش نامى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ، سۇيىقەستلىك ۋاستىلار بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1913 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ ھەققانى ساداسى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شىنجاڭدا ئىنقىلاب بورىنى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلدى، بىر كىشى مۇشت كۆتەرسە ھەممىسى قوشۇلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ياڭ زېڭشىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت، ۋەھىمە سالدى. دەل شۇ مەزگىللەردە كۇچار، بۈگۈر، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ئەزالىرى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. «شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن خېلى بۇرۇنلا، شىنجاڭدا ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ ھەركىتى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز ئىدى. شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى پايئال قاناتيايدۇردى. ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات يۈرگۈزدى، ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى تەرەققى قىلدۇردى»② ئەمما بۇ مەزگىللەردە تېخى يېڭى سىنىپىي كۈچلەر بولمىغانلىقى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان ئىلغار پارتىيىلەر مەيدانغا چىقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشلىرى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئا-

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (شىڭخەي ئىنقىلاۋى ئىلى قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان) 9 ـ كىتاپ 170 ـ 171 ـ بەتلەر.

② چىڭ خۇيشىڭ: «بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى»، («شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1980 ـ يىلى ئۈچىنچى سانى، 96 ـ بەت).

خىرقى ھساپتا ھامان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەشلەر گەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ بۇ كۈرەشلەر ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، راۋاجلاندۇردى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زاماندىن زارلاش، رىياللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، پەندە ـ نەسىھەت قىلىش كەيپىياتلىرى، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئىجتىمائى ھاياتتىكى ئىللەتلەردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت قورالى ئارقىلىق ئاشكارا تەنقىت قىلىپ رىياللىققا يۈزلەندى، بۇ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا تاشلانغان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەقەت مەزمۇن، تېما جەھەتتىنلا ئەمەس، ژانىر ۋە شەكىل جەھەتتىنمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئەدەبىيات، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ تىپىكلەشكەن ئىنكاسى. ئۇ ھەربىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ھەمدە ئىلىم ـ پەن تەجرىبىلىرى تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات ئەمىلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى: ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، بېيىپ، خەلقنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلانغان. ئەدەبىياتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسىي ئامىل ـــ مەزكۇر مىللەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىگى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئۇنى پەرۋىش قىلىشى، چەتئەل ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىنىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مىللى ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان بۇ خىل «مەنبە» كەم بولسا بولمايدۇ. ئىجتىمائى تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن ئايرىلغان ھالدا مىللى ئالاھىدىلىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مىللى ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىشى ئاددىي رەۋىشتە مىللى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ تەكرارلىنىشى ھەمدە ئادەتتىكى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قايتىلىنىشى دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاسانلا ئىدىيالىستىك مېتافىزىكا پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. سىنىپىي كۈرەش، مىللى كۈرەشلەرنىڭ تەرەققى قىلىشى، ئۇستقۇرۇلمىدىكى سىياسى تۈزۈمنىڭ ئالمىشىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت پىكىر ئېقىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ـــ ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپلىششىغا، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا

ئەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، چەتئەللەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە تەنقىدىي قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. لۇشۈن مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ بىر - بىرىگە دەخلىسىز بولغان ئىككى يولىنى كۆرسىتىپ: «چەتئەللەرنىڭ ياخشى قائىدىلىرىنى قوللىنىش، جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئەسەرلىرىمىزنى يەنىمۇ بېيىتىش، بۇ بىر يول. جۇڭگو مىراسلىرىنى تاللىۋېلىپ، يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇپ كەلگۈسىدىكى ئەسەرلىرىمىزدە يېڭىچە ئىستىل يارىتىش يەنە بىر يول» ①، دىگەن ئىدى. دەرۋەقە، لۇشۈننىڭ ئىجادىيىتى مىللىي ئۇسلۇبىنى جارى قىلىشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەرقايسى دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار بەدىئىي خىسلەتلىرىنى قوبۇل قىلغان، ھەمدە ياۋروپا تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشتىكى ئىنچام ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى «ئۆزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە كۆيىدىغان» ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۆگەنگەن. دىمەك، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىگى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلاش ۋە ئىجات قىلىشقا مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەت ۋە رايون چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن يېڭى قان ۋە پايدىلىق ئوزۇقلاردىن قوبۇل قىلىشقا ھەم مۇھتاج بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، دۇنيانىڭ چوڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي يۈنىلىشكە قاراپ تەرەققى قىلىش جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىگى ۋە مىللىي ئۇسلۇبى زەئىپلىشىپ يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن بارغانچە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆزىگە پايدىلىق بولغان، ياردىمى تېگىدىغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، بىر - بىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇ-

① «‹ياغاچ ئويما خاتىرىلىرى›گە قىسقىچە كىرىشمە»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى 39 - بەت.

نۇم يەتكۈزۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىلنى بېيىتتى. بۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەرەققىي قىلىشىدا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەنە شۇ يول بىلەن راۋاجلىنىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغارلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇلار 1917 - يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنى مىللەتنى ئازات قىلىشنىڭ يېڭى ئۈمىدى ۋە يېڭى يولى دەپ تونۇدى. رۇس ئەدەبىياتى، سوۋېت ئەدەبىياتى، خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشنى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلغار كۈچلەر خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىش، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. تۈشمۇتۆشتىن كۆتىرىلىپ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر ئەكسىيەتچى يۈەن شىكەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇستەبىت ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، ياڭ زېڭشىن شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىگە نىسبەتەن «قەتئىي چەكلەش»، «جىيايۇگۈەننى ئېتىۋېلىپ ئۆزىنى قوغداش» تەدبىرىنى قوللاندى. جىيايۇگۈەننى ئېتىۋېلىپ، شىنجاڭنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى «ھۆر باغ»قا ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ، «تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىدىغانلارنى مەيلى جۇڭگولۇق ياكى رۇسىيىلىك بولسۇن بىردەك جازالاش كېرەك» دەپ ئوچۇق ئېلان قىلدى. (ياڭ زېڭشىن يازغان «تۆۋە ئىستىقبار خاتىرىسى» 4 - جىلدقا قارالسۇن) 1912 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن زالىم ياڭ زېڭشىن، ماركسىزم - لېنىنىزم، «كىشىنى ئاسان ئېزىقتۇرىدۇ، ئۇنى روسىيە ۋە جۇڭگو گراژدانلىرى (پۇقرالىرى) ئىچىدە قاتتىق چەكلەش كېرەك»، (ياڭ زېڭشىن يازغان «تۆۋە - ئىستىقبار خاتىرىلىرى» 9 - جىلدقا قارالسۇن) دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمەلىيەتتىمۇ دېگىنىدەك قىلدى. قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇشنى توختىتىۋەتتى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى ماقالە يېزىپ: «گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشى كىشىنى ئاسان يولدىن ئازدۇرىدۇ، پوچتا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدە يوچۇق بولماسلىقى كېرەك»،(تۆۋە - ئىستىقبارخاتىرىلىرى» 9 -

جىلد) دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، «ئىچكى ئۆلكىدىكىلەر بىلەن شىنجاڭدىكىلەر خەت ئالاقىلىشىپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئالا ـ توپىلاڭ چىقىرىش» دىن قورقۇپ تېپ ـ تېچ تۇرغان شارائىتتىمۇ پوچتىخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، خەت ـ چەكلەرنى تەكشۈرەتتى، ئەگەر خەت ـ چەكلەردە سىياسىي ـ ھەربىي ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇجمەل جۈملىلەر بولسا، ئۇ خىل خەتلەرنى جياڭجۈن يامۇلغا ئېلىپ كېتەتتى، ياڭ زېڭشىن ئۆزى كۆرۈپ ئۆزىگە پايدىسىز دەپ قارىغان خەت ـ چەكلەرنى بېسىپ قوياتتى ياكى جۈملىلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلايتتى. تەكشۈرۈپ بولغانلىرىغا «سېنزوردىن ئۆتتى» دىگەن خەتنى چاپلاپ يەنە پوچتىغا ئەۋەتەتتى① دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەل ئاشۇ ئەۋجىگە كۆتىرىلگەن دەۋرلەردە، ياڭ زېڭشىننىڭ مانا مۇشۇنداق مۇستەبىتلىك قاھال قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكىدىن شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ھەر جەھەتتىكى ئالاقىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى، بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتىرىلگەن تەنتەنىلىك ئىنقىلاۋى دولقۇن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، «4 ـ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت ھەركىتى ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى، مۇشۇ مەزگىللەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋى تارىخىغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغىمۇ چوڭ زىيان سالدى. ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ كاشىلىلار تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا مەدەنىيەت ساھەسى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ بىر ئىنقىلاپ، چوڭ بىر ئىسلاھاتنى قوزغايدىغان، كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىنى قاناتيايدۇرىدىغان، فېئوداللىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى تىكلەشنى مەزمۇن قىلغان كۈچلۈك ھەركەت شەكىللىنەلمىدى. بولۇپمۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەرغىباتىنىڭ قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ قاتتىق چەكلەنگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەمدىلا مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئۇلغايتىدىغان ۋە ئۇنى ئالغا يېتەكلەيدىغان بىرەرمۇ نەشر ئەپكارىنىڭ بولمىغانلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ باشلىنىشىنى ئىنتايىن مۇشكۇل بىر مۇھىت ئىچىدە قالدۇردى، ئۇنى تولىمۇ قاتتىق سىناققا دۇچكەلتۈردى. مانا شۇ تۈپەيلىدىن باشقا جايلاردىكى ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىي ئىنقىلاپنىڭ ئەۋج ئېلىپ يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىل-

① پەن زۇخۇەن «ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 2 ـ قىسىم، 43 ـ بەت).

گەن ۋەزىيەت ئىچىدە مەيدانغا كەلسە، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى ئىنقىلاپ دولقۇنى تۇسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىق ۋە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراپ بىر مەزگىل پەسەيگەن، شىنجاڭنى جاھالەت، نادامەت، بۇرۇختۇملۇق، نازارىلىق كەيپىياتى قاپلىغان ئىنتايىن مۇشكۇل شارائىت ئىچىدە باشلاندى. گەرچە ياڭ زېڭشىنىڭ جاھالەتلىك سىياسىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتىرىلگەن دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتتىق چەكلەنگەن ۋە مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە جاھالەتتىن سوقۇلغان بۇ يىگانە سېپىل، دۇنيا پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچلۈك ساداسىنى، دۇنيا ئىنقىلاپچىلىرى جۈملىدىن جۇڭگو پۇرولېتارىياتى ۋە ئىنقىلاپچىلىرى ياڭراتقان ئىنتېرناتسونالىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسىنى توسۇپ قالالمىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلاپچىلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىرى — خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئازاتلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ۋە كەسكىن ئەمەلىي كۈرەشلىرىنى باستۇرۇپ قالالمىدى. ئاشۇ جاھالەتكە تولغان قاراڭغۇ جەمئىيەتنىمۇ باتۇر پىرومېتىلار① كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنقىلاپ مەشئىلىنى بۇ جاھىل قورۇغاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىلىرى ھەر خىل يوللار (تىجارەت) ئارقىلىق ئىچكىرى بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى. «4 – ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە چىققان ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر خىل گېزىت – ژورناللار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بۇ«چەكلەنگەن رايون» شىنجاڭغا ئېلىپ كىردى. شۇنىڭدەك خەۋپ-خەتەرلەر ئىچىدە تۇرۇپىمۇ پىداكارلىق روھ بىلەن تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرىنىڭ قەلبىگە ئىنقىلاپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى. يېڭى مەدەنىيەت ئۇرۇقىنى چاچتى. ياش ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ زامانداشلىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە «4 – ماي» دەۋرىدە چىققان كىتاپ – ژورناللارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ سەپداشلىرى بۇ خىل كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا ئېيتىپ يۈرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى لۇشۈننىڭ«ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن مەشھۇر ھېكايىسىنىمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنلىكى مەلۇم.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، رۇسىيە – جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىز شەتنا-

① يونان ئەپسانىلىرىدىكى قاراڭغۇ جاھالەت ئىچىدە قالغان خەلققە ئوت ئوغرىلاپ ئەكىلىپ بەرگەن ئەپسانىۋى قەھرىمان.

مىللار بىكار قىلىنىپ، سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى، سودا ئالاقىسىنىڭ
يولغا قويۇلۇشى، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، سودا ـ
سانائەتنى گۈللەندۈرۈپ، بازارلىرىنى ئاۋات قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىككى دۆلەت ـ
نىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ سوۋېت ئەدەبىياتى
ھەرخىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. 20 ـ يىللاردىن بۇرۇنلا مەشھۇر رۇس يازغۇچى،
شائىرلىرىدىن تولستوي، پوشكىن، پرولېتارىيات يازغۇچىلىرىدىن ماكسىم گوركىي قاتارلىقلارنىڭ
نادىر ئەسەرلىرى شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان. 20 ـ يىللاردا
سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان»، تاجىك
يازغۇچىسى سەدرىددىن ئەينىنىڭ «قۇللار» رومانى، تاتار شائىرى ھادى تاختاشنىڭ ۋە
ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلار توپلاملىرى، خۇرشىد رەشىدنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق
پيېسسى، پېترەتنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈرنەكلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى تار ـ
قىلىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.
يۇقۇرىدىكى پاكىتلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، سوۋېت ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا
كېڭىيىپ بېرىشىمۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك ئا ـ
مىللارنىڭ بىرى بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە بۇر ـ
ژۇئا دېموكراتىك ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ قاناتيايماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيىنىڭ
دېموكراتىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا خېلىلا كۈچلۈك تەسىر بەردى.
تۈركىيىدە 1896 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان جەدىتىزىم (ئىسلاھاتچىلىق)
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتتى. جەدىتىزىمنىڭ ئاساسىي روھى، ئىلىم ـ پەن
بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. خۇد ـ
دى جۇڭگودا گۇاڭشۈجېن، لىن زېشۈي قاتارلىق پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ مەرىپەتچىلىرى
ئىسلاھات جۇدۇنلىرىنى چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان
قەتئىي قارشىلىقنى ئىپادىلىگەندەك؛ كاڭيۇۋېي كۇڭزى نامىدىن تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىشنى
تەلەپ قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال پاتىرىئارخاللىق مەدەنىيەتكە مەلۇم دەرىجىدە زەر ـ
بە بەرگەندەك، خۇشي قاتارلىق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى چەتئەلگە تەقلىت قىلىشنى قۇۋۋەتلەپ،
غەرپلىشىشنى تەرغىپ قىلغاندەك جەدىتىزىممۇ ئىسلاھاتچىلىق ئارقىلىق بۇرژۇئا ھاكىمىيە ـ
تىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شىنجاڭدا بولسا، بىر تۈركۈم زىيالىيلار جەدىتىزىمنى ياڭ
زېڭشىن ۋە يەرلىك فېئودال روھانىيلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ھەم يېڭىلىققا كۆچۈش ـ

نىڭ قورالى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەمىيەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى
بىلەن مەدرىسلەردە دەرس مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى. ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە-
نىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ كەڭ تارىلىشى، فېئودال مىلىتارىست ياڭزېڭشىننىڭ ئۆچمەنلى-
كىنى قوزغىدى، ئۇ يەنە ئەمدىلا نەشر قىلىنىپ چىقىشقا باشلىغان گېزىت - ژۇرناللارنى
پېچەتلىدى، مەتبۇئاتلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ
تەدبىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئائىت كىتاپلارنى بېسىپ يېڭى روھىي
ئەپيۇن بىلەن خەلقنى زەھەرلەپ، ئازدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ۋەزىيەت تولىمۇ نازۇكلىشىپ قىل-
لىچتىن قان تامچىپ تۇرغان مۇشۇ يىللاردا، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك
ئەدىبىيات - سەنئەت خادىملىرى، شائىرلار، يازغۇچىلار، ئەلنەغمىچىلەر، خەلق قوشاقچىلىرى
قوزغىلىپ فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبىيا-
تى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئۆتەشكە باشلىدى.
قەشقەردە ۋەتەنپەرۋەر ئەدىبىياتچى ۋە مەشھۇر جامائەت
ئەرباپى ئابدۇقادىر داموللا باشچىلىقىدىكى زىيالىلار قەھرىمانلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، مىڭلىغان تەرەققىيپەرۋەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيىتى، ھازىرقى
زامان ئەدىبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان سۇتىلارنىڭ
گېزىت - ژۇرناللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجا-
ۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ھانابۇ، جاھانگىرلىككە قارشى ئەڭ دەس-
لەپكى دېموكراتىك خاراكتېر ئالغان ھەركەتتۇر. شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدىبىياتتا
ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى پاش قىلىپ،
ئەدىبىياتىمىزنىڭ دېموكراتىك خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى يېڭى يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلان-
دۇردى. ئەدىبىيات يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسىي خاھىشىنى نامايەن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبىيات تارىخىدا ئىناقلىق، بىرلىك، مىللى باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-
لىق، ئىلىم - مەرىپەتنى تەرغىپ قىلىپ، خۇراپاتلىق، نادانلىق، ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈك،
زالىملىق، تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلىدىغان، ئۇنىڭغا قارشى كەسكىن ھالدا
كۈرەش قىلىدىغان؛ ئالغا بېسىش، ئىلگىرىلەش، تەرەققى قىلىشنى، تەرەققى تاپقان ئەللەر خەلقلى-
رىدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دېموكراتىك ئىدىيە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا
ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىلدىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەلەر جامائەتچىلىككە تونۇلغان
شائىر قۇتبىددىن شاھ ئوغلى ھۆسەيىن (تەجەللى) (1850 — 1930) غەزەللىرىدە؛ ساۋىراخۇن
بىننى ئابدۇلقادىر يېڭىسارى (ناقىس) نىڭ «بەيىس ھېكىم بەگ»، «قۇتلۇقنامە»، «ناقىس»،

«مۇجۇدۇل قۇلۇپ» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ۋە ئىجادى ھالدا ئۆزگەرتىپ يازغان «گۈلزار بىنىش» (تىكەنسىز گۈل) ناملىق شېئىرى رومانىدا؛ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللام 1862 — (1924) نىڭ «ئاقائىت زۇرۇرىيە»، «ئاقائىت جەۋھىرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) «فاسھول ئەنفان» (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «مىپتاھۇل ئەدەپ»، (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) «نەسىھەتى ئامما» قاتارلىق كىتاپلىرىدا؛ قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1938 — 1876)نىڭ سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان ئەمما جەڭگىۋارلىقى قالتىس كۈچلۈك شېئىر، روبائىيلىرىدا ئۇندىن باشقا ھەر قايسى جايلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجات قىلغان ئەسەرلىرىدە ئورتاق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئورتاق ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە بولۇپ قالدى. مانامۇشۇخىل ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ھارماي ـ تالماي، ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئۈلغىيىپ، تەرەققى قىلىپ، شىنجاڭدا ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئىدىيىسىنىڭ كەڭ تارقىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل كاشىلا، توسقۇنلۇق ۋە خەتەرلىك ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى ۋە ئالغا باستى. ئومۇمەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىنىڭ يېڭى مېۋىسى. ئۇ، يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ھەمدە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن ئىلغار ئامىللىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى، لېنىن «پۇرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقاچان نامەلۇم جايلاردىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا، ئۆزلىرىنى پۇرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىنلا ئويلاپ چىقىلغان نەرسىمۇ ئەمەس، شۇنداق دەپ ھېساپلاش پۈتۈنلەي خاتا. پۇرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزىم جەمىيىتى، فېئودالىزىم جەمىيىتى ۋە تۆرىلەر جەمىيىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا يارىتىپ چىققان پۈتۈن بىلىم زاپاسلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، بولۇشى كېرەك»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. «فېئودالىزىم جەمىيىتى ۋە تۆرىلەر جەمىيىتى»نىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ئاستىدا يارالغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ ئەنە شۇ ئاساستا بارلىققا كېلىپ ئالدىنقى دەۋردىكى ئەجداتلار ئورۇنلىيالمىغان ۋە ئورۇنلىيالىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان تارىخىي خاراكتېرلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بو-

---

① لېنىن: «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى».

لۇپ قالدى ھەمدە بۇ ئەدەبىيات شىنجاڭنىڭ يېڭىچە ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتى ۋە دەۋر روھىغا ماس ھالدا راۋاجلىنىپ، ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى ۋە داغدام يول ئېچىپ بەردى.

### ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەيلاسوپلار مۇنداق دېگەن:

كۆپ سۆز قىلىشتىن ساقلان. كۆپ سۆز سىرىڭنى ئېچىپ، ئەيىبىڭنى پاش قىلغۇچىدۇر.

× ×

ئاچقاندىن كېيىن يېپىش مۈشكۈل بولغان ئىشىكنى ئاچمىغىن.

«فەۋا كەلچۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# ئالتاي تىلشۇناسلىقى ھەققىدە

نەسرۇللا يولبولدى، مۇھەببەت قاسىم

ئالتاي تىللىرى ــ تىلشۇناسلىق ساھەسىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىل سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تارىخى، مەدەنىيىتى ئۇزۇن ۋە قەدىمى. شۇڭا ئالتاي تىللىرى ۋە تىلشۇناسلىقى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تىل ئىلمىي خادىملىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى قويۇپ ئۆتىمىز.

## 1. ئالتاي تىللىرى شۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

مەملىكىتىمىزدە 50 نەچچە مىللەت ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرى خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، مالاي ـ بولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى قاتارلىق 5 خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، تەخمىنەن 80 خىل تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللار ئەڭ كۆپ (30 خىلدىن ئارتۇق) بولۇپ، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار بىر مىليارتتىن ئاشىدۇ. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللار 19 خىل بولۇپ، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار تەخمىنەن 15 مىليونغا يېقىن. جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللار 3 خىل بولۇپ، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار تەخمىنەن يۈز مىڭغا يېقىن. مالاي ـ بولىنېزىيە تىللىرىدا سۆزلىشىدىغانلارمۇ 300 مىڭدىن ئارتۇق. ئەندى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىل 2 خىل بولۇپ، بۇنىڭدا سۆزلىشىدىغانلار 20 مىڭدىن ئارتۇق. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي شىمالىدىن غەربىي شىمالىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشايدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىللىرى قېرىنداش تىللاردەپ قارىلىدۇ. قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار بۇ تىللار دۇنيا تىللىرىنىڭ گېنېتىك كلاسسىفىكاتسىيىسىدە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتايشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەڭ مەنىدە قوللىنىلغاندا، ئالتاي تىللىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى، ئەدەبىياتى، كېلىپ چىقىشى ۋە

تارىخىي، ئۆرپ ـ ئادىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە؛ تار مەنىدە قوللىنىلغاندا، ئالتاي تىللىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تىلشۇناسلىقتىكى مەخسۇس بىر ئاتالغۇ بولۇپ، مۇئەييەن تىل بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر تۈركىي خەلقلەر، موڭغۇللار ۋە مانجۇ ـ تۇنگۇسلارنى ئالتاي مىللەتلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئالتاي مىللەتلىرى دېگەن بۇ نام مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئەسلى ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولغانلىقىدىن بېرىلگەن. بۇ رايون مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ناھايىتى پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە «ئالتۇن تاغ» دەپ ئاتالغان، كېيىن ئالتاي دەپ ئاتالغان. بۇ رايوننى ئانا يۇرت قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ھازىر ئالتاي تىللىرى ياكى ئالتاي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتاي تىللىرى دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ۋ. شوت. م. ئا. كاستىرېن تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن. چۈنكى م. ئا. كاستىرېن (فىنلاندىيىلىك ئالىم) تىلشۇناسلىق ئۆلچىمى بىلەن بۇ رايوندىكى بىر قىسىم تىللارنى تۇنجى قېتىم بىر تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ قىلغان، شۇنداقلا ئۇ، ۋ. شوت (گېرمانىيىلىك ئالىم) بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇنجى قېتىم «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى» دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشتە ياۋروپا ۋە سىبىرىيىدىكى بىر بىرىگە يېقىن كېلىدىغان نۇرغۇن تىللارنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەزلەرگە ئاساسلانغان. بىراق كاستىرېن بىلەن شوت ئىككىسى ئورال تىللىرى (ئۇگىر ـ فىن تىللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن ئالتاي تىللىرى (تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى، مانجۇ ـ تۇنگۇس تىللىرى)نى قوشۇپ ئالتاي تىللىرى دەپ ئاتىغان (كېيىن ئورال، ئالتاي تىللىرى دەپ ئاتالغان). چۈنكى ئۇلار بۇ تىللاردا «ئەزەلدىن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت» بار دەپ قارىغان.

ھازىر ئالىملار ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنى ئورال تىللىرى سىستېمىسى ۋە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى دەپ ئىككى سىستېمىغا بۆلۈپ، بۇ ئىككى سىستېمىغا كىرىدىغان تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئىككى تىل سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدا پەقەت تىپ جەھەتتە ئورتاقلىق بارلىقىنى، مەنبەئە جەھەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇڭا ماقالىمىزدا قوللىنىلغان «ئالتاي تىللىرى» دېگەن ئاتالغۇ تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە مانجۇ ـ تۇنگۇس تىللىرى ئائىلىلىرىدىن ئىبارەت 3 تىل ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغىلا قارىتىلغان. بەزى ئالىملار (فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېدتقا ئوخشاش) چاۋشيەن تىلى بىلەن قەدىمقى ياپون تىلىنىمۇ ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا كىرگۈزىدۇ. لېكىن چاۋشيەن تىلىنىڭ ئالتاي تىللىرى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى خېلى كۆپ ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ياپون تىلىنىڭ ئالتاي

تىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلار بار.

ئالتاي تىللىرى ھەققىدە تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلۋاتقىنىغا خېلى بولدى. جاپالىق ئەمگەك ۋە زور تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە بۇ جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىل سىستېمىسى جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ سەۋىيىسى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىگە تېخى يەتمەيدۇ. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات گېرمان تىللىرى ئائىلىسىدىكى تىللار تەتقىقاتىدىكىدەك گەۋدىلىك ئەمەس. ھەتتا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ھەر قايسى تىللارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە خېلى ئىختىلاپ بار. تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق مەنبەسى (ھۇل تىلى) بارمۇ - يوق دېگەندەك مەسىلىلەر تېخى تولۇق ئىسپاتلانمىدى. شۇڭا نۇرغۇن ئالىملار ھازىرغىچە بۇ تىل سىستېمىسىنى بىر خىل پەرەز، بۇ تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان ھەر قايسى تىل ئائىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق گېنېتىك جەھەتتىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى تامامەن بىر خىل ئۆز ئارا قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش مەسىلىسى دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار ئالتاي تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى ھەم ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن غەربىي شىمالىغىچە بولغان كەڭ رايوندا تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ 19 خىل تىل (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، سالا، غەربىي يۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، موڭغۇل، داغۇر، تۇزۇ (مۇڭغۇل)، دۇڭشاڭ، باۋئەن، شەرقىي يۇيغۇر، مانجۇ، شىۋە، ئېلەنچۈن، ئېۋېنكىي، خېجې ۋە چاۋشيەن تىللىرى قاتارلىقلار) ئىشلىتىلمەكتە. شۇڭا ئالتاي تىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ بىزگە قويغان تەلىۋى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات چوڭقۇرلاشقاندىلا يۇقۇرقى تىللارنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تىللارنىڭ قەدىمقى ھالىتى، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە تەرەققىيات جەريانى، بولۇپمۇ بۇ تىللارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى (ھۇل تىلى) ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئالتاي مىللەتلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆپ قېتىم زور رول ئوينىغان. ئۇلار يىراق شەرقتە (جۇڭگودا) 100 يىللاپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنىڭدەك ياپون دېڭىزىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، ياۋروپا ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى (ھون، موڭغۇل ۋە تۈركلەر) ياشىغان. ئۇلار تەخـ

مىنەن 80 مىليون نوپۇستىن ئارتۇق نەچچە ئون مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ قانداشلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قەدىمقى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تېخى تولۇق يورۇتۇلمىدى. شۇڭا ئالتاي تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بۇ مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە تارىخىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالتاي تىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات دۇنيادىكى ھەر قايسى تىل سىستېمىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ھەر قايسى تىل سىستېمىلىرىدىكى تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندىلا ئايدىڭلىشىدۇ. مەسىلەن، ئوگىر ـ فىن تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان ساماۋىت تىللىرىنىڭ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكى ئالتاي تىللىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالتاي تىللىرىدىكى بىر مۇنچە ئالاھىدىلىك ياپون تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ياپون تىلى ئالتاي تىلى بىلەن بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى يەنە مالاي ـ بولىنېزىيە تىللىرىغا يېقىن كېلىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئالتاي تىللىرى قەدىمقى ئاسىيا تىللىرى دېيىلىدىغان تىللار (مەسىلەن، رۇغاچىر تىلى، نېۋىك تىلى، كەنجىر تىلى) بىلەن بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. شۇڭا ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، دۇنيادىكى باشقا تىل سىستېمىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا زور تۆھپە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىزگە مەلۇم، تىللارنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتا ئەمەل قىلىدىغان مۇھىم پرىنسىپتۇر. «قاتلانما قۇرۇلما» ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك «يېپىشقاقلىق قۇرۇلما» ئالتاي تىللىرى ۋە باشقا نۇرغۇن تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك.

مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى بەك مۇرەككەپ بولغان قاتلىما قۇرۇلمىلىق تىللارغىلا ئەمەس، بەلكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان قاتلىما قۇرۇلمىلىق تىللارغا سېلىشتۇرغاندا، يېپىشقاقلىق قۇرۇلمىنىڭ خېلى مۇۋاپىق مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا. بولۇپمۇ سۈنئىي تىل ئىجات قىلىشتىكى تەجرىبىلەر بۇنى تېخىمۇ ئىسپاتلىماقتا. شۇڭا ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خوشنا پەنلەرنىڭ تەقەززاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقارا تىلشۇناسلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك، بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشتۇر.

## 2. ئالتاي تىلشۇناسلىقىنىڭ ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىكى ئورنى

ئالتاي تىللىرى شۇناسلىقى تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇشۇ سىستېمىدىكى تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئالتاي سېلىشتۇر-

ما تىلشۇناسلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ھەر قايسى تىللارنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىنى تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر. شۇڭا ئۇ پۈتۈن تىل ئىلمىنىڭ بىر كونكرېت مەزمۇنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق 19-ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى تىل ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بۇرۇن تارىخىي سېلىشتۇرما گىراماتىكا دەپمۇ ئاتالغان. «سېلىشتۇرما گىراماتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ ئاۋال گېرمانىيىلىك شائىر ف. شلېگېل ئۆزىنىڭ «ھىندىلارنىڭ تىلى ۋە ئەقىل - پاراستى» (1808 - يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم قوللانغان. لېكىن ئۇ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ھېساپلانمىغان. چۈنكى دانىيىلىك ر. راسك (1787 — 1832) يازغان «قەدىمقى شىمالىي تىللار ۋە ئىسلاندىيە تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات» (1814 - يىلى يېزىلىپ 1818 يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن ئەسەر بىلەن گېرمانىيىلىك ف. بوپ (1791 — 1867) يازغان «سانسكرىت تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ يۇنان تىلى، لاتىن تىلى، پارس تىلى ۋە گېرمان تىلى بىلەن سېلىشتۇرمىسى» (1816 - يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن ئەسەر (تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان. بۇ ئىككى ئەسەر تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى بىلەن ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان مۇھىم ئەسەر بولغاچقا، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق 1816 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەن، ر. راسك بىلەن ف. بوپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرى دەپ قارىلىدۇ.

تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى تىلشۇناسلىق تارىخىدا ناھايىتى چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ ئۇ، ئومۇمىي تىلشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇندىن ئېتىۋارەن كىشىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ھەققىدە ئىزلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى تىللار ئۈستىدىكى ھەقىقىي ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئالتاي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىمۇ ھەرقايسى تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەتقىق قىلىدىغان تىل ئىلمىدۇر. تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى تىللار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىقلايدىغان ۋاستە ھەم تىلنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتىكى ئىشەنچلىك بىر خىل ئۇسۇل. بۇ خىل ئۇسۇلنى ئادەتتىكى سېلىشتۇرما ئۇسۇلغا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. ئادەتتىكى سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى تىل-

لارنى تەتقىق قىلغاندا بولسۇن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بولسۇن قوللىنىۋېرىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ تىپولوگىك كلاسسىفىكاتسىيىسىدە تىللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ھاجەتسىز. گېنېتىك كلاسسىفىكاتسىيىدە ئادەتتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل كلاسسىفىكاتسىيىسىدە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى قوللىنىلىشى كېرەك. چۈنكى مەلۇم تىلنىڭ پەقەت ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭ قايسى تىللار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. چوقۇم ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. تىللارنىڭ ياكى دىيالېكتىكلارنىڭ نەسەپ جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتا ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

ئادەتتىكى سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەر خىل تىلشۇناسلىقتا ۋە تىلشۇناسلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قوللىنىۋېرىشكە بولىدۇ. 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇن نۇرغۇن دۆلەتلەردە كۆپلىگەن ئالىملار تىلنىڭ گىرامماتىكىسىنى ئەتراپلىق تەسۋىرلەشكە ئىنتىلگەن ۋە نۇرغۇن شاھانە ئەسەرلەرنى يازغان. ئالايلۇق: تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا (11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا) ئادەتتىكى سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن بىللە بەزى جەھەتلەردە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. شۇڭا ئاتاقلىق تۈركولوگ ن. ئا. باسكاكوپ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار» دېگەن ئەسىرىدە: مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشىۋاسى ــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقىرى 11 ـ ئەسىردىلا سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى تەپسىلىي تەھلىل قىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنى تىل ئالاھىدىلىكى ھەم جۇغراپىيىۋى تارقىلىشى بويىچە تۈرگە ئايرىغان. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ دىۋانىدا ئادەتتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىلا قوللىنىلىپ قالماي، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا ساھەلىرىدە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان» ئۇ يەنە: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق فىلولوگلىرى، بولۇپمۇ ئەرەپ فىلولوگلىرى، 18 ـ ئەسىردىكى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى رۇس ھەم غەرپ تىلشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە سېلىشتۇرما ئۇسۇلىغا ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىغا خېلى كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن: 18 ـ ئەسىردە زور بىر تۈركۈم رۇس ئالىملىرى رۇسىيىنىڭ ئايال پادىشاسى يېكاتېرىنا (1762 ــ 1796)نىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈپ چىققان «بارچە تىللار ۋە شىۋىلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەتلىرى» (1787 ـ يىل) دېگەن يىرىك توپلامدا سېلىشتۇرما ئۇسۇل ۋە بەزى جايلاردا تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل قوللىنىلغان... لېكىن 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغا قەدەر بولغان بارلىق تەتقىقاتلار ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا سېلىشتۇرما خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پەقەت ئايرىم ھاللاردىلا تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل قوللىنىلغان» دەيدۇ①.

① ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار» P8 — P19.

## 3. ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە جەريانى

ئالتاي تىللىرى ۋە باشقا بەزى تىللار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ھەققىدىكى تۇنجى پەرەز 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە مانجۇ، تۇنگۇس تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىم ئوخشاشلىقلار ئەڭ ئاۋال شىۋېتسىيىلىك ئالىم تابېبېرت ستراليېنبېرگنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئورال - ئالتاي تىللىرى تەلىماتىنىڭ پېشىۋالىرى ۋە ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان تابېبېرت چار پادىشاسى پېتىر دەۋرىدە مولداۋا ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇزۇن ۋاقىت سىبىرىيىدە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ جەرياندا يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدۇ، تۇرمۇش بىلەن تونۇشىدۇ، ئۆز قولى بىلەن توپلىغان ئەمەلىي ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ تىللارنىڭ تىپ جەھەتتىن ئورتاقلىقى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىغا تۇنجى قېتىم دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورال تىللىرى سىستېمىسى ۋە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا ئېلىپ بارغان دەسلەپكى كىلاسسىفىكاتسىيىسىدىن (Phillip Joham Von Strahlenberg «ياۋروپا - ئاسىيانىڭ شىمالى ۋە شەرقىي» ستوكھولم 1730 - يىلى) ھازىرغىچە ئۆتكەن 200 نەچچە يىللىق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنى جەلپ قىلدى.

تابېبېرت ۋاپات بولۇپ يۈز يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن (19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا باشقا تىل سىستېمىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ تەدرىجىي باشلانغان. ئەنە شۇنداق پايدىلىق شەرت - شارائىت ئاستىدا فىنلاندىيىلىك ئالىم ئا. كاسترېن تىلشۇناسلىق ئۆلچىمى بويىچە ئۇگرفىن - ساماۋىت، تۈركىي، موڭغۇل، مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، تۇنجى قېتىم «ئالتاي تىللىرى» دەپ ئاتىغان (ھازىر بۇنى ئۇگىر - ئالتاي تىللىرى دەپمۇ ئاتايدۇ). ئا. كاسترېن «ئالتاي تىللىرىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرى» (1850 - يىلى ئېلان قىلىنغان) دېگەن ئەسىرىدە، تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى يالغۇزلا يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ، مورفېمىلاردىكى ئوخشاشلىق ھەقىقىي ماھىيەتلىك نەرسە بولالايدۇ، — دەپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن تىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى ئىسپاتلاپ چىققان.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسىدا ئۇگىر - ئالتاي تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات گېرمانىيىلىك ئالىم W. شوتنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلانغان. شوت (1809 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1889 يىلى ۋاپات بولغان، 1883 - يىلدىن باشلاپ بېرلىندا پروفېسسور بولغان) ئۆزىنىڭ «تاتار تىللىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» (بېرلىن 1839 - يىل) دېگەن ئەسىرىدە ئۇگىر - ئالتاي تىللىرىنىڭ گىراماتىكا جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىغا ئېتىۋار بېرىپلا قالماس-

تىن، بەلكى لېكسىكا جەھەتتىكى ماسلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان ھەمدە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىگىمۇ سەل قارىمىغان. شۇڭا ئۇ كاسترېنغا ئوخشاشلا ئوگىر ـ ئالتاي تىللىرى مۇتەخەسسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شوت چۇۋاش تىلى بىلەن تۈركى تىللارنىڭ ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئىسپاتلاپ چىققان.

W. شوتتىن كېيىن تىلشۇناسلار ئوگىر ـ ئالتاي تىللىرىدىكى ھەرقايسى تىل ئائىلىلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ، ئوگىر ـ فىن ـ ساماۋىت ۋە موڭغۇل ـ تونگۇس ـ تۈركى تىللىرىدىن ئىبارەت ھەرقايسى تىل ئائىلىلىرىنىڭ فونېتىكا، مورفولوگىيە جەھەتتىكى ماسلىق مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغان. لېكىن بۇ جەھەتتىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات بىرئاز ئاجىزلاپ قالغان.

فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېت ئالتاي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ، ئورال تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە گۇمان بىلەن قارىغان ۋە بۇ ئىككى تىل سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بار دەيدىغان قاراشلارنى ئىنكار قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى ئالتاي تىللىرى دائىرىسىدىلا چەكلىگەن. رامستېت داڭدە تەربىيىلەنگەن ئوگىر ـ فىنشۇناس، داڭلىق موڭغۇلشۇناس ھەم تۈركولوگ بولۇپ، نۇرغۇن تىللاردا (مەسىلەن، فىن تىلى، ۋېنگىر تىلى، موڭغۇل، قارقا تىلى، قۇمۇق تىلى قاتارلىق) سۆزلەشنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئورال تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت يوق، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. شۇنىڭدەك ئۇ نۇرغۇن ئالىملارغا ئوخشاش دەسلەپ ئىپتىدائىي ئالتاي تىلىنىڭ بولغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارىغان؛ كېيىن مۇنداق كۆز قاراشتىن ۋاز كېچىپ، موڭغۇل، تۈركى، مانجۇ ـ تۇنگۇس تىللىرىنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش، ئورتاق مەنبەلىك تىل ئىكەنلىكىنى (بۇ تىللارنىڭ ئىپتىدائىي ئالتاي تىلىدىن كەلگەنلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان. رامستېت ئۆزىنىڭ «ئالتاي تىللىرى شۇناسلىقىغا مۇقەددىمە» (بىرىنچى توم فونېتىكا، ئىككىنچى توم مورفولوگىيە)، «چۇۋاش تىلىنىڭ ئورنى توغرىسىدا»، «ھەرقايسى ئالتاي تىللىرىدىكى ئىنكار سۆزلەر ۋە سېماسىئولوگىيە تەتقىقاتى»... قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋەتنى يورۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى مورفولوگىيە جەھەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى مەسىلىلەردىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھەتتا ئۇ، «ئالتاي تىللىرى ۋە ياپون تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «چاۋشيەن تىلى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق چاۋشيەن تىلى بىلەن قەدىمقى ياپون تىلىنى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

گېرمانىيىلىك ئالىم N. پوپپېمۇ ئورال تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. رامستېتتىن كېيىن پولشىلىق موڭ-

غۇلشۇناس W. كوتوۋىچ بىلەن رودنىچلار رامستېتنىڭ پىكرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ فونېتكىلىق ماسلىق مۇناسىۋەت ھەققىدىكى پىكرىنى قوبۇل قىلغان. كوتوۋىچ «ئالتاي تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات» كىتاۋى ئارقىلىق ئالتاي تىللىرىنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گىراماتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋىلادىمىر تىسوپ ئۆزىنىڭ «سېلىشتۇرما گىراماتىكا» دىگەن ئەسىرى ئارقىلىق ئالتاي تىللىرى ئورتاق مەنبەگە ئىگە دەيدىغان كۆز قاراشنى قوللىغان. ئۇنىڭدىن باشقا داڭلىق تۈركى تىللىرى شۇناسى باسكاكوپ ۋە باشقا نۇرغۇن ئالىملارمۇ ئالتاي تىللىرى نەزىرىيىسىنىڭ ئاشكارا ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تۈركى، موڭغۇل، مانجۇ ـ تونگۇس ۋە چاۋشيەن تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتاي تىللىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى نەزىرىيىنى ھەممە ئالىملار قوللاپ كەتمىگەن. بەزىلەر بۇ نەزىرىيىگە گۇمان بىلەن قارىسا، يەنە بەزىلەر قارشى چىققان. مەسىلەن، گرونبېگ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى كروگېر ئالتاي تىللىرىدىكى ئورتاقلىقلار ئورتاق مەنبەدىن كەلگەنلىكى ياكى بىر ـ بىرىدىن قوبۇل قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى بىر خىل پەرەز. بۇ جەھەتتىكى نەزىرىيە تولۇق ئىسپاتلانمىغان، دىگەنىدەك گۇمانى كۆزقاراشتا بولغان. ئەمدى گلاۋسۇن ۋە دوفېر قاتارلىقلار ئالتاي تىللىرىدا ئورتاق سان ۋە «سۆزلىمەك، بەرمەك، ئالىماق، بارماق، يېمەك، ئات، ياخشى، يامان» دىگەنىدەك ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ يوقلۇغىنى پاكىت قىلىپ ئالتاي تىللىرىنىڭ ئەزەلدىن ئورتاق مەنبەسى يوقلۇغىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى جەريانىدا ئورتاق سانىنىڭ يوقلۇغى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدىغانلىغىنى، فونېتىكا جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ماسلىق مۇناسىۋەت بىلەن باشقا نۇرغۇن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدىغانلىغىنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم يەنىلا رامستېتتۇر. شۇنىڭدەك گلاۋسۇن قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە ئائىت «يېمەك، ئات، ياخشى، سۆزلىمەك، ئالماق» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆزلەر ئىكەنلىگىنى قايىل قىلارلىق ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان كىشىمۇ رامستېتتۇر. شۇڭا ھازىر ئالتاي تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات رامستېت قاتارلىقلارنىڭ نەزىرىيىسى بويىچە تەرەققى قىلماقتا ۋە ئېلىپ بېرىلماقتا.

## 4. ئالتاي تىللىرىنىڭ بۆلۈنۈشى (كلاسسىفىكاتسىيىسى)

تىللارنى تۈرگە (سىستېما ۋە ئائىلىلەر ھەم گۇرۇپپىلارغا) بۆلۈشتىمۇ تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش، ئالدى بىلەن يەككە تىللار ئۈستىدە، ئاندىن پۈتۈن سىستېما ۋە ئائىلىلەردىكى تىللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالتاي تىللىرىـ

نىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى دەل مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سىستېما بويىچە ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرقايسى تىل ئائىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇش بىلەن بۇ تىللارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر سىستېمىغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ھەم ئۇ تىللارنىڭ قانداق ئائىلىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. لېكىن دۇنيادىكى تىلشۇناسلارنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدىكى ھەم ھەرقايسى ئائىلىلەرگە خاس تىللارنىڭ ئورتاق ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. تۆۋەندە بىز بۇ جەھەتتىكى قاراشلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگىلىرىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئا.كاسترېن، گ. ۋىنكلېر قاتارلىقلار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ھاسىل بولۇش يولى، سۆز ئالدى ياردەمچى سۆزلىرى بىلەن ئالدى قوشۇمچىلارنىڭ يوقلۇقى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش جەھەتتىكى ھەم جۈملىلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكى، لېكسىكا جەھەتتە كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىقى......قاتارلىقلارنى ئورال ـ ئالتاي تىللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دەپ تونۇغان.

فرانسىيىلىك ئالىم ژ. دېنى «دۇنيادىكى تىللار» دىگەن كىتاۋىنىڭ يېڭى نەشرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى، سۆز بېشىدىكى شاۋقۇنلۇق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشقا مايىللىقى، يېرىم سوزۇق تاۋۇش W (بۇ تاۋۇش كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان) نىڭ مۇھىم رول ئوينىمايدىغانلىقى، سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش H نىڭ تۇراقسىزلىقى، سۆز يىلتىزى ۋە يەككە تۇرغان قوشۇمچىلاردا قاتلىنىپ كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ يوقلۇقى، سۆز بېشىدا (ھېچبولمىغاندا بىرىنچى تاۋۇش) L ياكى P بولمىسا، ئۈزۈك تاۋۇش توپلىنىپ قالمايدىغانلىقى، ئىسىملاردا جىنسىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ بولماسلىقى ھەم ئۇلاردا ئىككى خىل ــ بىرلىك ۋە كۆپلۈك سان شەكلىنىڭ بارلىقى، سۆز يىلتىزىنى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى، مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارنىڭ سۆز ئاخىرىغا چاپلىنىپ قوشۇلىدىغانلىقى (ئالدى قوشۇمچىنىڭ يوقلۇقى). سۆز ئالدى تىركەلمىلەرنىڭ يوقلۇقى (ئارقا تىركەلمىلەرنىڭ بارلىقى)، پېئىللاردا بىر يۈرۈش تۈرلىنىش سىستېمىسى بارلىقى، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ki قوشۇمچىسىنىڭ بارلىقى، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ بارلىقى، شەخس ئالماشلاردا نۇرغۇن ئورتاقلىقنىڭ بارلىقى، جۈملىدىكى ئەگەشمە تەركىپلەرنىڭ (بېقىنداتەركىپلەرنىڭ) باش تەركىپلەردىن (بېقىندۇرغۇچى تەركىپلەردىن) بۇرۇن كېلىدىغانلىقى ...... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى تۈركى، موڭغۇل، مانجۇ، تونگۇس تىل ئائىلىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسەتكەن.

يولداش ئىبراھىم مۇتىئى ئورال ـ ئالتاي تىللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ ئىخچام، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىدۇ:

1. تاۋۇش سىستېمىسى پۈتۈن ئالتاي تىللىرىدا ئاساسەن ئوخشاش (بۇ تىللاردا سوزۇق

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى، ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە سۆز تومۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈلۈش فورمىسى بار).

2. سۆز تومۇرى مۇقىم بولىدۇ، سۆزلەر پەقەت ئارقا قوشۇمچىلار ياردىمى بىلەنلا تۈرلىنىدۇ.

3. بۇ تىللاردا ئالدى قوشۇمچە بولمايدۇ.

4. بۇ تىللاردا گىراممatىكىلىق جىنسىيەت يوق.

5. ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىدە ئىگىلىك (تارتىم) قوشۇمچىلىرى مەۋجۇت.

6. بۇ تىللار پېئىل تۈرلىرىگە باي.

7. تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىدىن (پېئىلدىن ئاۋال كېلىدۇ).

8. ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىدىن ئاۋال كېلىدۇ.

9. سانى ئېيتىلغان سۆزلەردىن كېيىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىشلىتىلمەيدۇ(ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا سان جەھەتتە بىر خىللىق بولمايدۇ).

10. سېلىشتۇرۇشتا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ.

11. بۇ تىللاردا بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان.


12. بۇ تىللارنىڭ تولۇسىدا مەنپىي (قوشۇمچە) ھەركەت ئۈچۈن مەخسۇس پېئىل بار.

13. بۇ تىللاردا سوراق قوشۇمچىسى مەۋجۇت.


14. بۇ تىللاردا باغلىغۇچى ئۈچۈن پېئىل شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ («تۈركى تىللار تەتقىقاتى» 1 ـ توم 2 ـ، 3 ـ بەت).

ئالىملار ئالتاي تىللىرىغا خاس يۇقۇرىدىكىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى ھەم تۈركى، موڭغۇل، مانجۇ ـ تۇنگۇس، چاۋشيەن، ياپون تىللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتى جەريانىدا ئېرىشكەن ھەرقايسى تىل ئائىلىلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا ئائىت تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ھەر خىل ئىسخېمىلار بىلەن كۆرسىتىدۇ.

رامستېت 1916 ـ يىلى ئالتاي تىللىرىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ۋە بۆلۈنۈشىنى تۆۋەندىكى ئىسخېما بىلەن كۆرسەتكەن:




رامستېت كېيىن تۈركى، موڭغۇل، مانجۇ ـ تونگۇس تىللىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇنا-سىۋىتىنى قايتا تەتقىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىسخېما بويىچە بۆلگەن:





رامستېتنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئىسخېمىسىنىڭ بىرىنچىسىدە ئالتاي تىللىرى ئورتاق مەنبەلىك، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار تىللار دېگەن كۆز قاراش ئىپادىلەنسە، ئىككىنچىسىدە ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئورتاق مەنبە يوق دېگەن كۆز قاراش ئىپادىلەنگەن. ئورتاق گەۋدىنىڭ بىراقلا تۆت تارماققا بۆلۈنۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ۋىلادىمىر تىسوپ ئالتاي تىللىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى 1929 ـ يىلى تۆۋەندىكى ئىسخېما بويىچە كۆرسەتكەن:




يۇقىرىقى بۆلۈشلەرنى ئالتايشۇناسلار ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ خىل بۆلۈشلەر ئالتاي تىللىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ھەقىقى ئەكس ئەتتۈرمىگەن، ئالتاي تىل-لىرىنىڭ ئورتاق ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ھەقىقى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن دەپ

قارايدۇ. نۇرغۇن ئالتايشۇناسلار گېرمانىيىلىك ئالىم پوپپىنىڭ تۆۋەندىكى ئىسخېمىسىنى ئالتاي تىللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ئىلمىي ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارايدۇ.




ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالتاي تىللىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى، ئورتاق ۋە ئۆزىگە خاس ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرى ھەم ئالتاي تىللىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «ئالتاي فىلولوگىيىسىگە ئائىت ماقالىلاردىن تاللانما» خەنزۇچە بىرىنچى، ئىككىنچى، توپلام.

2. «تىلشۇناسلىق تارىخىدىن ئوچېركلار» سىن چيشياڭ تۈزگەن.

3. «ئالتاي تىللىرى شۇناسلىقىغا مۇقەددىمە» مورفولوگىيە، رامستېت.

4. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى.

5. «تۈركىي تىللار» ن. ئا. باسكاكوپ، شىنجاڭ تىل تەتقىقات ئورنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

6. «تىلشۇناسلىق چەتئەلدە» ژورنىلى 1982 ـ يىللىق 4 سان، خەنزۇچە.

# خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا

لىيۇ مىن

مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت كەڭ ئەمگەكچى خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆز ئالدىغا نۇرغۇنلىغان ئىدىيوم (成语)، ماقال (语谚)، ھىكمەتلىك سۆز (格言)، ئاۋام تىلى (俗语) خۇلاسە بېقىندا تەمسىل (歇后语) قاتارلىق پەلسەپىۋى قائىدىگە ئىگە بولغان ئىخچام سۆزلەرنى ئىجات قىلغان ۋە توپلىغان. بۇ ئادەتتە «تۇراقلىق ئىبارە» ياكى «تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى»، ياكى «فرازېئولوگىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تىل غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كوللىكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇلارنىڭ لوگىكىلىقى كۈچلۈك، ھېس ـ تۇيغۇلىرى تەسىرلىك. بۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، مىجەز ـ خۇلقى، پەزىلىتى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ھەم ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلار قۇرۇلۇشى زىچ، ئىخچام، ئوبرازلىق ھەم ئەستە ساقلاش ۋە يادلاشقا ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن كوپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنداقتا بۇنى زادى قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟ بۇ نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرچىدىكى ئىدىيوم، ماقال، ھىكمەتلىك سوز، خۇلاسە بېقىندا تەمسىل ۋە ئاۋام تىللار مۇكەممەل بىر جۈملە بولۇپ، تۈزۈلۈشتە بەزىلىرى ئاددى جۈملە بولسا، بەزىلىرى قوشما جۈملە بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى كۆرۈنۈشتە ئاددى جۈملە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوشما جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرگەن قىسقارتىلما جۈملىدۇر. قوشما جۈملە ئىچىدىكى خەۋەر بەزىلىرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە يېزىلىپ، كېيىنكى بۆلىكىدە چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە چۈشۈپ قېلىپ، كېيىنكى بۆلىكىدە تولۇقلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى ئىچىدە شېئىر شەكلى ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، قاپىيىلەشكەن، تۇراقلىق ۋەزىنگە ئىگە، سۆزلىرى جاراڭلىق، رېتىملىق بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

老乱捅火，火就会熄灭，　　　ئوتنى كولىساڭ ئۆچەر.
老惹邻居，邻居就会搬走。　　　خوشناڭنى كولىساڭ كۆچەر.

心坏锅也漏。（害人终害己）　نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

肉不要烤焦，肉钎也不要烧坏。　كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىقمۇ كۆيمىسۇن.

背信弃义　ۋاپاغا جاپا قىلماق.

后患无穷　قالغان چالا، باشقا بالا.

鸭子的背——不沾水，　ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك.

别人的恶言耳旁风，　ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر،

亲人的恶言伤透心，　ئۆزىنىڭ جاندىن،

热锅上的蚂蚁——走投无路。　پۇتى كۆيگەن توخۇدەك.

خەنزۇچىدىكى ئىدىيوملار بىر سۆزگە باراۋەر بولۇپ، جۈملىدە سۆز بىرىكمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. كۆپىنچە قوش بوغۇملۇق سۆزدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە 4 خەتتىن تەركىپ تاپقان «ۋېنيەن ئەدەبىي تىلى» كوپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. شۇڭا بۇنى «4 خەتلىك ئىدىيوم» ياكى «4 خەتلىك سۆز بىرىكمىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. مەسىلەن:

谬种流传　يامانلىقى يېيىلىپ كېتىش.

招摇过市　كوزكوز قىلىش.

顺理成章　ھەر ئىشنىڭ يولى بولىدۇ.

名正言顺　نامى ئورۇنلۇق بولسا سوزى ئاقىدۇ.

无与伦比　تەڭدىشى يوق

愤世俗嫉　ھەممىدىن بىزار بولماق.

墨守成规　كونا قائىدە-يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالماق.

万应灵丹　ھەممىگە شىپا - دورا.

责无旁贷　باش تارتىپ بولمايدىغان.

入木三分　تاشقا تامغا ئويغاندەك.

ھازىرقى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىدىيوملارمۇ 4 خەتلىك شەكىلدە تۈزۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن:

百花齐放　بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش.

百家争鸣　ھەممە بەس - بەستە سايراش.

又红又专　ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان.

自力更生　ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش.

忆苦思甜　دەرت - ئەلەمنى ئەسلەپ، ھالاۋەتنىڭ قەدرىگە يېتىش

力争上游　تىرىشىپ يۇقۇرى ئۆرلەش.

ماقاللار — خەلق ئاممىسى ئىجىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ تىلدا مۇقىملاشقان جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

世上无难事，只怕有心人。　قىيىن ئىش يوق، ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

知人知面不知心。　ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

胆小鬼受举拳头。 قورقاق ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر.

祝己为好汉，祝人为雄狮。 ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا.

ھېكمەتلىك سۆزلەر — كۆپىنچىسى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ئۇ مۇستەقىل جۈملە بولۇپ، يېزىق تىلىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يىغىندىسى. مەسىلەن:

满招损，谦受益 مەغرۇرلۇق زىيان كەلتۈرەر، كەمتەرلىك پايدا.

当局者迷，旁观者清 قىلغۇچىغا قاراڭغۇ، كۆرگۈچىگە ئايدىڭ.

前事不忘，后事之师。 ئۆتكەنكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش.

名不正则言不顺 نام جايىدا بولمىسا، قىلغان سۆز ئاقمايدۇ.

疾风知劲草（疆场上见英雄） مەرتنى مەيداندا سىنا.

虚心使人进步， كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ.

骄傲使人落后。 مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

有志者事竟成。 ئىرادىلىك ئادەم ھەر قانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ.

خۇلاسە بېقىندى تەمسىل — خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي داۋلىلارنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنىغا باي، ئىشلىتىلگەن سۆزلىرى يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق، داۋلىلار ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، ئەمما ئۇ، ئىدىيومغا ئوخشاش ئىستاندارتلىق ئەمەس. خۇلاسە بېقىندا تەمسىل، پەۋقۇلئاددە تۈزۈلۈشكە ئىگە. ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئوخشىتىش سۆزى، كېيىنكى قىسمى ئىزاھ سۆزى بولۇپ، ئاساسىي مۇددىئاسى كېيىنكى قىسمىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

搭着梯子上天——妄想 شوتا بىلەن ئاسمانغا چىقىش خام خىيال.

老鼠抓猫尾，想找事。 چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلار.

阎王爷的告示——鬼话连篇。 ئەزرائىلنىڭ ئېلانى (بىمەنا سۆز).

铁匠的围腰——尽是窟窿。 تۆمۈرچى پەرتۇقىنىڭ ھەممە يېرى تۆشۈك.

铁公鸡——一毛不拔 بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان.

擀面杖吹火——一窍不通。 نوغۇچ بىلەن ئوت پۈلىسە يەل ماڭمىغاندەك.

水中捞月——白费劲 سۇدىن ئاينى سۈزۈش (بىھۇدە ئاۋارىچىلىق).

بۇ تەمسىللەر ئىستىلىستىكىدا ۋاستىسىز مەنا بىلدۈرۈش بىلەن ۋاستىلىق مەنا بىلدۈرۈشتەك ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن:

木耳朵——说不通 ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس.

过河拆桥——忘恩负义。 كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇش، (ۋاپاغا - جاپا قىلغانلىق).

قاتارلىقلار ۋە ئالدىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلەر ۋاستىسىز مەنا ئۇقتۇرىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا:

石山上滚石头——（石）实打（石）实。 قۇرۇق گەپ ساتماي، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان.

肚子里撑船——内行（航） ھەر ئىشنىڭ ئەھلى بولغان.

飞机上放鞭炮——（响）想的怪高。 ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان قۇرۇق خىيال.

马尾作弦琴——不值一谈（弹）。 ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

一天下了三次雨——少情（晴） مېھرى ـ شەپقەتسىز.

猪鼻子插葱——装相（象）。 خۇپسەنلىك قىلماق.

和尚的脑壳——没法（发）。 نائىلاج بولۇپ قالماق.

قاتارلىقلار ۋاستىلىق مەنا ئۇقتۇرىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

بۇ مىساللاردىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىشلەرئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەت، تون جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق ۋە مەنا جەھەتتىكى ئىككى ياقلىملىقتىن پايدىلىنىپ، سۆزنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئارقىلىق، «ئاھاڭداش قوش مەنىلىك تەمسىل»نى تۈزۈپ چىققان. مۇنداق، ئالدىنقى بۆلەكتە گەپنى ئەگىتىپ، كېيىنكى بۆلۈكدە يوشۇرۇن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلايدىغان، تۇتۇقلۇقتىن ئېنىقلىققا دارىتمىلاپ مەقسەت ئۇقتۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە فورما ھەم قىزىقارلىق، ھەم باشقىچە بەدىئىلىككە ئىگە بولۇپ، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ھەم چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ باغلىنىشى زىچ ھەم تۇراقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئەينى بويىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، پارچىلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بىرەر خەتنى ياكى خەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، ھەم گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش بويىچە تەھلىل قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن:

宁为玉碎，不为瓦全。 ئامان قېلىپ تاش بولغىچە، مېيىپ بولۇپ قاش بول.

金玉其外，败絮其中。 تېشى زەربىلەن تولغان، ئىچى ماز بىلەن.

雷声大，雨点小。 گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق.

قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنى قىرقىۋېتىپ كېيىنكى بۆلىكىنى يۇلۇۋېلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: 察言观色 گەپ ـ سۆزى ۋە تۇرقىدىن سىزىۋالماقنى 察语观色 ياكى 察言看色 دەپ ئۆزگەرتىشكە، 理屈词穷 (يولسىزنىڭ تىلى تۇتۇق)نى 词穷理屈 دەپ ئالماشتۇرۇشقا 前仆后继 (ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئورنۇن باسماق)نى 后继前仆 دەپ ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن: 破釜沉舟 (قەتئىي نىيەتكە كېلىپ،ئاخىرىغىچە ئېلىشىدىغان) بۇ ھەرگىزمۇ قازاننى چېقىپ، كېمىنى چۆكتۈرۈۋېتىش بىلەن ئىشنى ئاياق

لاشتۇرۇش دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى چىشلەپ، ئاداققىچە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى توختالما ئىبارىلەرنى، تەرجىمە قىلغاندا، ھەرگىزمۇ ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولغان تۇراقلىق ئىبارىلەر جانلىق تەسەۋۇر، مۇۋاپىق ئوخشىتىش، ئاددى سۆزلەر بىلەن چوڭقۇر پىكىرلەرنى بىلدۈرگەچكە، ئۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بۇنىڭغا ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ناھايىتى ياخشى تەبىرلەرنى بەرگەن. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى: «سۇنىڭ سۈزۈكى بۇلاقتا، سۆزنىڭ جەۋھىرى ماقالدا»، «تىلنىڭ كۆركى ماقال، ئەرنىڭ كۆركى ساقال»؛ قازاق خەلقى: «ئات قاناتتەك بىلىنسە، ئىدىيوم خەنجەردەك بىلىنەر»؛ قىرغىز خەلقى: «گۈزەل يايلاق مال ـ چارۋىدىن ئايرىلمايدۇ، نازاكەتلىك سۆز ـ ماقال تەمسىللەردىن»؛ ئۆزبېك خەلقى: «ئەجداتلارنىڭ ۋەسىيىتى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۆزى»؛ خەنزۇ خەلقى: «تامچە ـ تامچە سۇ كۆل بولار، ماقال ـ تەمسىللەر بىلىم بولار»؛ دىگەن.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنى دەل جايىدا تەرجىمە قىلالىسا، شۇ ماقالىنىڭ ئۆزىگە جان كىرگۈزۈپ، سۆزنىڭ ئوبرازلىقىنى، ئاممىباپلىقىنى ۋە بەدىئىلىكىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ. ئەكسىچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى، مەسىلەن: ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئۇيغۇرچىدىكى مەنىداش سۆزلەر بىلەن ياكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوبراز ئوخشىتىشقا ئادەتلىنىپ قالغان سۆزلىرى بىلەن تەرجىمە قىلىدىغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ماقالىنىڭ ئۇسلۇبىغا ياكى مىللىي خۇسۇسىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشى، ھەتتا مەنىگە زىت بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a、扩大红军，不走由扩大地方赤卫队，地方红军到扩大主力红军的路线，而要走“招兵买马”，“招降纳叛”的路线。（《毛选》合订本第92页）

بۇنىڭدىكى 招兵买马，招降纳叛 نىڭ ئەسلى مەنىسى «ئۇدۇل كەلگەن ئادەملەرنى ئەسكەرگە ئېلىش»، «ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىش» ئىدى. لېكىن، بۇنى «ئۆز ئەتراپىغا ئادەم توپلاش»، «خائىن ۋە ئاسىيلارنى ئۆز يېنىغا يىغىش» دەپ تەرجىمە قىلىشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. يەنە بىر مىسال:

b、有些知识分子现在是十五个吊桶打水，七上八下，他在空中飞，上不着天，下不着地。我说，这些人叫“梁上君子”。（《毛选》五卷第453页）

بۇ جۈملىدىكى 梁上君子 نىڭكونتىكىستىكى لوگىكىلىق مەنىسى «لىم ئۈستىدىكى ئالىجاناپلار» ئىدى. ئەگەر سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبىئىگە قاراپلا «ئوغرى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا پۈتۈنلەي خاتا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 削足适履 (ئۆتۈك پاتمىسا، پۇتنى يونىماق)، 三个臭皮匠，合一个诸葛亮 (ئۈچ ئاددى كۆنچى بىرلەشسە، جۇگې لياڭ بولۇپتۇ)، 闭门造车 (دەرۋازىنى قارىماي ھارۋا ياسىماق) قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلى

غاندىمۇ، سۆزنىڭ مۇھىت ـ شارائىتىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مۇئەييەن مەدەنىيەت، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسى بىلەن ئىقتىساتىنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىنكاسى. شۇڭا، ئاز ساندىكى كونا ئىدىيوم، تەمسىللەردە كونا كۆز قاراش بولسىمۇ، مۇتلەق زور كۆپچىلىگى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش جەريانىدا ئەلگەكتىن ئۆتكەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىنتايىن يارقىن بولىدۇ. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، بۇغۇندىن ـ بۇغۇنغا كۆچۈپ يۈرۈپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنىلا ئېغىزدىن چۈشمەي قوللىنىلماقتا. لېكىن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە خەنزۇ، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تارىخىي كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئادىتى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەت ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ياراتقان. بۇلاردا مەزمۇن جەھەتتىن بولمىسۇن، كۆزدە تۇتۇلغان ئوبيېكتى بولمىسۇن ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئوخشىتىش جەھەتتىن بولمىسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كىشىلەر: «تۇراقلىق ئىبارىلەر خۇددى ئەينەككە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېيىشىدۇ. تىل ـ يېزىق ـ مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلىرىنىڭ تامامەن ئوخشاپ كېتىشى ناتايىن. بۇلارنى تەرجىمە قىلىشتا خەت مەنىسىگە بېرىلىپ كېتىپ، مەنىسىگە ئېتىۋار بەرمىسە، ئەكس مەنىنى بېرىپ قويۇشى مۇمكىن، تۆۋەندە بىر نەچچە مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان» 秉性难移 نى 不到黄河心不死。 دەپ تەرجىمە قىلسا مۇتلەق قاملاشمايدۇ. چۈنكى، پەقەت مۇئەييەن كونتېكستتە ئويغۇن كېلىشى مۆمكىن. «تۆگىنى ئۇسۇلغا تارتماق» نى 打鸭子上架 دەپ تەرجىمە قىلسىمۇ بولىدۇ، ئەمما، 拉骆驼跳舞 دەپ تەرجىمە قىلىدىغان بولسا، مىللىي پۇرىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، يەنە 狗嘴里吐不出象牙。 نى «يامانىنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقماس» (坏人嘴里没好话) دەپ تەرجىمە قىلىشتىن كۆرە، ئەينى بويىچە «ئىت ئاغزىدىن پىل چىشى چىقماس» دەپ تەرجىمە قىلسا تېخىمۇ جايىدا بولىدۇ.

لۇشۈن ئەپەندى «ماۋزۇسى قويۇلمىغان ماقالىنىڭ كۆپىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەگەر تەرجىمە قىلىۋاتقان ئىكەنسەن، بۇنىڭدا ھەممىدىن ئاۋال كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت چەتئەل ئەسەرلىرىدىن كەڭ بەھرىمەن قىلىش؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى شۇمۇناسىۋەت بىلەن ئەقلىي بىلىمىنى ئۆستۈرۈش، ھېچبولمىغاندا، خۇددى چەتئەللەرگە ساياھەتكە بارغاندەك، قەيەردە، قاچان، قانداق ئىش بولغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش؛ ئۇنىڭدا غەيرى ئىقلىمنىڭ روھىي ھالىتى بولۇشى كېرەك، ئەجنەبىلىك پۇراق دېگىنىمىز ئەنە شۇ... تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئېتىۋار بېرىش كېرەك: بىر

تەرەپتىن چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈسىنى
ساقلاپ قېلىش كېرەك... بىراق، ئۇ ئەسلىدە ئەجنەبى ئالۋاستى بولغاچقا ھەممە ئادەمگە
يات كۆرۈنىدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىم -
كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن، ئۇنىڭ بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويۇشقا،
كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىشقا بولمايدۇ. مەن بۇرنىنى يونۇۋېتىشنى، كۆزىنى ئويۇۋېتىشنى
تەشەببۇس قىلمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى جايلىرىنى ئوقۇشقا راۋان چۈشۈپ
بەرمىگەندەك تەرجىمە قىلىشنى ئورۇنلۇق كۆردۈم؛ بەزى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى پەن -
نەزىرىيىلەردىكىدەك تۈجۈپىلەپ ئولتۇرماي، ئەركىنرەك تەرجىمە قىلدىم» دېگەن ئىدى.
لۇشۈن ئەپەندى بۇ يەردە چەتئەل تىلىنى تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ روھى بىزنىڭ خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجى-
مە قىلىشىمىزدا ئوخشاشلا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، تۆۋەندە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلى-
رى» دىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تەرجىمىسىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى:

一叶障目，不识泰山 — بىر تال يوپۇرماقتا كۆزى توسۇلۇپ قېلىپ، تەي-
شەن تېغىنى كۆرەلمەسلىك.

南其辕，北其辙 يول بۇياققا هارۋا ئۇياققا.

知彼知己，百战不殆。 — ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭ-
دە يېڭىلمەيسەن.

声东 击西 ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش.

八公山上，草木皆兵。 باگۇڭشەن تېغىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەس-
كەر بولۇپ كۆرۈنۈشى.

留得青山在，不愁没柴烧。 جاڭگال بولسا يېنىڭدا، ئوتۇندىن غەم قىلما.

老鼠过 街，人人喊打。 كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قېلىپتۇ.

行成于思。 ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقاي دېسەڭ باش قاتۇر.

يۇقۇرىدىكى مىساللار دەل جايىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر كىتابخانلارغا
ئوخشاشلا تەبىئى، دەل جايىدا بولغاندەك كۈچلۈك خوشاللىق بەخش ئېتىدۇ. شۇنىڭدىن بى-
لىشكە بولىدۇكى،ئومۇمەن مىللى تۈس يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تۇراقلىق ئىبا-
رىلەرنى تەرجىمە تىلىنىڭ قېلىپلاشقان شارائىتى ئاستىدا ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولغان
ئاساستا سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلالىسا تېخىمۇ ياخشى. مۇنداق قىلغاندا، ھەم لۇشۈن ئەپەن-
دى تەشەببۇس قىلغان «غەيرى ئىقلىمنىڭ روھي ھالىتى»، «ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈسى» نى
ساقلىغىلى، ھەم «ئەھۋال تونۇشتۇرغىلى»، «ئەقلىي بىلىمنى ئاشۇرغىلى»، تەرجىمە تىلنى
بېيىتقىلى بولىدۇ، ھەم تىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. لېكىن ھەممىنى
بىر قاتاردا قويۇپ، بىرتاياقتا ھەيدەشكىمۇ بولمايدۇ.

تۆۋەندە مەن خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى-

نى نەزەردە تۇتۇپ، تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى قاراش-لىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. تەڭ مەنىلىك تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئالدى بىلەن بىلىدىغانلار-دىن سوراش، لۇغەت ئاختۇرۇش، قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىش، تەرجىمە تىلىدا ئىلاجى-نىڭ بېرىچە باربولغان تەڭ مەنىلىك ئىبارىلەرنى قوللىنىش كېرەك. لېكىن، تىل مۇھىتى-گە ۋە كونتېكستكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋېلىپ زىت مەنىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق كېرەك. ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى خەنزۇچىدىكى مە-نىسى بىلەن تەڭ كېلىدىغان سۆزلەرنى مىسالغا ئالساق:

| | |
|---|---|
| باش تاشقا تەگمىگىچە، ئەقىل باشقا كىرمەس. | 不经一事，不长一智。 |
| گېلى ساق، قولى پاك. | 两袖清风。 |
| تاما - تاما كۆل بولۇر. | 积少成多 |
| ئىككى سەككىز ئون ئالتە. | 半斤八两 |
| جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا. | 醉翁之意不在酒 |
| ئۆزى ئۆزىگە توپىسى كۆزىگە. | 羊毛出在羊身上。 |

خەنزۇچىدىكى مەنىسى ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى بىلەن تەڭ كېلىدىغان تۇراقلىق ئىبا-رىلەرنى مىسالغا ئالساق:

| | |
|---|---|
| كەيپ - ساپا، ئەيشى - ئىشرەت | 灯红酒绿 |
| ئۆز پۇت - قولىنى ئۆزى چۇشمەك. | 作茧自缚 |
| چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ. | 一个巴掌拍不响 |
| ياخشىنىڭ شارپىتى تېگەر، يامانىنىڭ كاساپىتى. | 近朱者赤，近墨者黑 |
| ئوغرىنىڭ يۈرىگى پوك - پوك. | 做贼心虚 |
| بىر - بىرىگە ئورا كولىماق. | 勾心斗角 |

يەنە بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئەسلى تېكىستنىڭ مەنىسىنى تولۇق ساقلاش شەر-تى ئاستىدا، تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتى بويىچە ئەسلى تېكىستتىكى بەزى ماد-دى مەنىلەرنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، مۇنداق قىلغاندا، گەرچە ئوخشىتىش ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن مەنا جەھەتتىن باراۋەر كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قانغا قان، جانغا جان ئالماق. | 以眼还眼，以牙还牙 |
| بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ. | 青出于蓝 |
| كاللا دىسە، پاقالچەك دەپتۇ. | 驴唇不对马嘴 |
| تىلى شېكەر، دىلى زەھەر. | 口蜜腹剑 |
| قويرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتماق. | 挂羊头，卖狗肉 |
| چاپىغىنى ئالىمەن دەپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويماق. | 弄巧成拙 |
| ئۆزىمە پىش، ئاغزىمغا چۈش. | 坐享其成 |

قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا. 指桑骂槐

تۆۋەندە يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تۇراقلىق ئىبارىلەرنى سۆزمۇ - سۆزمۇ
بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆتەي. بۇنى يولداشلار بىر - بىرى بىلەن سېلىشـ
تۇرۇپ كۆرگەندە تېخىمۇ ئوچۇق ئۇقۇم هاسىل قىلالايدۇ. كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتىكى 以眼还眼，以牙还牙。 بىلەن 以血偿血，以命顶命 پەقەتلا
ئوخشىتىش ئوبيېكتىنى ئۆزگەرتكەنلىك بولىدۇ، 后长出的犄角超过了先长出的耳朵
دېگەن سۆزدە تۇرمۇشتىكى دائىم چېلىقىدىغان پېسخىك هادىسە ئارقىلىق
كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقى ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقى ئوبرازلىق هالدا شەرهىلەپ بېرىلدى.
驴唇对不上马嘴 بۇ دەل 人家要羊头，你却给了羊脚巴 بىلەن ماسلاشقانـ
لىق ئەمەسمۇ!؟ 嘴甜心毒 بىلەن 口蜜腹剑 مۇ بىر خىل مەنىنىڭ ئىككى خىل ئىپـ
ادىلىشى ئەمەسمۇ!؟ 本想揩眼屎、结果戳瞎了眼 نى 弄巧成拙 دەپ تەرجىمە
قىلىش، 指着闺女骂媳妇 نى 指桑骂槐 دەپ تەرجىمە قىلىش تولىمۇ جايىدا بولـ
غان ئەمەسمۇ! 张开嘴巴等桑椹往进掉 بىلەن 坐享其成 نىڭ مەنىسى نەقەدەر
ئوخشاپ كېتىدۇ - هە!

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تىل، تىل سىستېمىسى جەـ
هەتتە ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرى بىلەن تەڭ مەنىلىك بولغان تۇراقلىق
ئىبارىلەر هامان ئاز سانىنى ئىگەللەيدۇ. زور كۆپچىلىك تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى يەـ
نىلا تىل مۇهىتىغا قاراپ ئۆدۈل ۋە مەنەن تەرجىمىسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئۆدۈل تەرجىمە قىلىش. جۈملە مەنىسىگە قاراپ سۆزمۇ - سۆز قىلىنغان تەرجىـ
مە كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ، مەڭگىگە ئورناپ يېڭى تۇـ
راقلىق ئىبارە بولۇپ شەكىللىنىدۇ - دە، ئۆز مىللىتىنىڭكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇنداق قىلـ
غاندا، ئەسلى تېكىستىنىڭ مىللى شەكلىنىمۇ ساقلاپ قېلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە
ئەنئەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش شەكىللىرىنى سىڭدۈرۈپ، تەرجىمە تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى
بېيىتقىلى بولىدۇ. لېكىن، تەرجىمە قىلغاندا سۆزگە قاراپلا تەرجىمە قىلماي، هەر بىر سۆز -
ئىبارە ئۈستىدە قايتا - قايتا مۇلاهىزە قىلىپ، مەنىسى ئوخشاش بولۇشقا، قاپىيىداش بوـ
لۇشقا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. مەسىلەن:

墙上芦苇，头重脚轻根底浅。 تامدا ئۈنگەن قومۇشنىڭ بېشى ئېغىر،
تۆۋى ئاجىز، يىلتىزى تېيىز بولىدۇ.

山间竹笋，嘴尖皮厚腹中空。 — تاغدا ئۈنگەن بامبۇكنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق،
پوستى قېلىن، ئىچى كاۋاك بولىدۇ.

盲人骑瞎马 كور ئادەم قارغۇ ئاتقا مىنگەندەك.

谁人背后无人说 خەقنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلمايدىغان كىم بار.

有备无患 تەييارلىق
بار يەردە بالا - قازا بولمايدۇ.

志大才疏 ئارزۇسى چوڭ، قابىلىيىتى تۆۋەن.

唇亡齿寒 كالپۇكچىشنى ساقلايدۇ، چىش كالپۇكنى ئاسرايدۇ.

گەپنى قىل سىغار يەرگە، سۆزنى سەپ سىڭەر يەرگە. 说话看对象，洒水看地方
ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا. 有志不在年高
قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرماق. 冷若冰霜
پۇل دىنىسە جانىدىن كەچمەك. 利欲熏心，
ئون كۈلمەكنىڭ بىر يىغىسى بار. 乐极生悲，
سەۋەپ قىلساڭ، سىۋەتتە سۇ توختار. 只要想办法，竹篮能盛水。
كۆڭلۈڭدە كىم بولسا، چىرايلىقىڭ شۇ. 心里有谁，谁就漂亮。

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېقىن مەنىلىك سۆزلەردىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلغاندا، سىمانتىك مەنىسى جەھەتتىن باراۋەر كېلىشتىن تاشقىرى، ئىجابى ۋە سەلبى تۈسىمۇ ھەم ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئۇيغۇرچىدىكى «تىرىك بولۇپ ساندا يوق ـ ئۆلۈك بولۇپ گۆردە يوق» بىلەن خەنزۇچىدىكى 不成器者 ئۇيغۇرچىدىكى (1) «يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سوراش» بىلەن خەنزۇچىدىكى 打破砂锅问到底 نىڭ ئۇيغۇرچىدىكى (2) «ئېيتقان سۆز ـ ئاتقان ئوق» بىلەن خەنزۇچىدىكى 君子一言、驷马难追 نىڭ، ئۇيغۇرچىدىكى (3) «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» بىلەن خەنزۇچىدىكى 三思而行 نىڭ، ئۇيغۇرچىدىكى (4) «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغى لاي بولۇر» بىلەن خەنزۇچىدىكى 上梁不正 下梁歪 نىڭ ئۇيغۇرچىدىكى «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە يېتىپ مانتا يەپتۇ» بىلەن خەنزۇچىدىكى 挂起高高 事不关己 نىڭ مەنىلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى ئوخشىتىشىيىگى، مەنىسى چوڭقۇر بولغان مەشھۇر سۆز، ۋەز ـ نەسىھەت قاتارلىق باشقىچە ئۇسلۇپقا ۋە ئالاھىدە كۆزقاراشقا ئىگە بولغان سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، مەنىسى تەڭ بولغان جۈملىلەر تېپىلمىغاندا ئەڭ ياخشىسى سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى تېكىستنىڭ ژانىرىنى، ئوخشىتىشنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. مەسىلەن:

تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان. 衣冠禽兽
قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس. 空口袋立不起来
ئاز بولسا بولسۇن، ماز بولمىسۇن. 宁缺毋滥
كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆزىدە. 人的尊严在自己
كۆزگە ئىلىنمىغان پۇتىقا چوماق. 不显眼的枝桠、会绊倒人
قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار. 锅里有什么勺子就舀上什么
رەقىپلەر تار كوچىدا ئۇچرار. 冤家路窄

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سەلبى مەنا بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇلارنىڭ ماختاش ياكى چۈشۈرۈش تۈسىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. مىللىي پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرىنى سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش لازىم. بەزى ئوخشىتىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ مەنىسى ئوخشايدىغان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى تار بولغان سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا كونتېكىستكە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا ئالدىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ مىساللارنىڭ سەلبى ياكى ئىجابىلىق تۈسلىرى كۆپ ھاللاردا كونتېكىستتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھېچكىم بۇ-

نىڭغا ئۆزگەرمەس بىر رامكىنى بەلگىلەپ چىقالمايدۇ. بۇنداقلارنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يەنە بەزى سۆز بىرىكمىلىرى مۇئەييەن كونتېكستتا ماس كەلگەن بىلەن، بەزى ئورۇنلاردا ماس كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇلارنى تىلنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە جانلىق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە 差强意人 دىگەن سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان جۈملىلەردىكى تەرجىمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

我党果断纠正过去政治运动中的冤、假、错案，真乃差强人意。（《新疆日报》81.6.4.）

پارتىيىمىز بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان سىياسى ھەركەتلەردە سادىر بولغان ناھەق ئەنزە، يالغان ئەنزە ۋە خاتا ئەنزىلەرنى كەسكىنلىك بىلەن تۈزىتىپ، كىشىلەرنى ئىنتايىن خۇشاللاندۇردى.

经过评教评学，他讲课更能抓住重点，差强人意。（《新疆教育》82年第二期）

ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باھالاش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۇ تۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، خېلى جايىدا دەرس ئۆتىدىغان بولدى.

……条件虽然有限，但组织上还是尽力提供了方便，这也就差强人意了。（《文学译丛》81年三期）

شەرت ـ شارائىت چەكلىك بولسىمۇ، تەشكىل يەنىلا ئىمكانىنىڭ بېرىچە تەدبىر قوللىنىپ قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئەمدى ھەر ھالدا كۆڭۈلگە ياقىدەك ئىش بولدى.

3. مەنەن تەرجىمە. ئىككى تىلدا ئۆزلىشىپ قالغان ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان تەييار تۇراقلىق ئىبارىلەر تېپىلمىغاندا، ئەسلى تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تولۇق ساقلاپ قالغان شەرت ئاستىدا جانلىق ـ تەسىرلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئەسلى روھىنى يىغىنچاق ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك. خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنى مىسالغا ئالساق:

先天下之忧而忧　دۇنيانىڭ غېمىنى ھەممىدىن ئاۋال يەيدۇ.

后天下之乐而乐　دۇنيانىڭ راھىتىنى ھەممىدىن ئاۋال كۆرىدۇ.

雪里埋不住死人　ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا.

物以类聚，人以群分　خىل خىلى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن.

邻居好，赛金宝。　ئاناق خوشنىدارچىلىق ھەممىدىن ئەۋزەل.

يەنە ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنى مىسالغا ئالساق:

狼心狗肺　ئىچىدە تۆڭگۈز قاترايدىغان.

工具精，受累轻　ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار.

قاسساپقا ماي قايغۇسى، ئۆچكىگە جان. — 屠夫要油，山羊惜命

سانى بار، ساپاسى يوق. — 滥竽充数

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق. — 便宜肉熬不出油汤

غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق. — 主人肚子饱，哪管奴仆饥

قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش. — 胆小鬼眼里一个变双

ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر. — 嘴软的牛犊到处有奶吃

قوينى قاسساپ سويسۇن. — 屠夫宰羊一内行

يەنە بەزى ئوبرازلىق تۇراقلىق ئىبارىلەرنى دەل جايىدا تەرجىمە قىلغاندا ماقالىغا جان كىرگۈزگەندەك بولىدۇ. مەسىلەن:

هالىڭغا بېقىپ هال تات،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن. — 摆架子要看场合，磨面粉要看口袋。

ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ. — 真理可曲不可折

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق. — 上天天太远，入地地太坚。

هارۋىكەش — ئاۋارىكەش. — 车夫车夫辛苦辛苦。

ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى. — 蜜有蜂、花有刺。

بالىسى غورايسە، دادىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ. — 打在儿子身上，痛在老子心上。

غادايغانغا غادايغىن بېشىڭ كۆككە يەتكىچە، — 对傲慢者应昂首齐天。
ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەككىچە. — 对谦逊者应俯首到地。

يەنە بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەئى تولۇق ئېچىپ بېرىلمىسە، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ خىلدىكىلەرنى ئىزاهلاپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

追奔逐北 قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەرمەك.

东施效颦 دۇڭشى شىشىنى دورايمەن دەپ كۈلكىگە قېلىپتۇ.

朝秦暮楚 ئەتىگىنى چىن بەگلىكىگە باقسا، كەچلىكى چۇ بەگلىكىگە بېقىپتۇ.

宰相肚里能撑船 ۋەزىرنىڭ قورسىقىغا تۆت ئاتلىق هارۋا سىغىدۇ.

4. مەنئەن تەرجىمە بىلەن ئۇدۇل تەرجىمىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئىشقا سېلىش. ئوخشىتىش ۋە ئوبرازلىق تەرەپتە مەنىداش سۆزلەر تېپىلمىغاندا، تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتى بويىچە ئەسلى تېكىستىنىڭ بىر قىسمىنى مەنە بويىچە، يەنە بىر قىسمىنى سۆز بويىچە تەرجىمە قىلسا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ چۇۋالچاق بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن:

ۋىنۋاڭ بىلەن ۋۇۋاڭنىڭ تۇتقان يولى —
گاه چىڭىتىش گاه بوشىتىش. — 文武之道，一张一弛。

72 خىل هۈنەر — — 十八般武艺

سىماجاۋنىڭ غەرىزى ھەممىگە ئايان. — 司马昭之心，路人皆知。

جاڭتەيگوڭ قارماق تاشلايدۇ، خالىغان بېلىق ئىلىنسۇن. 太公钓鱼，愿者上钩

ياخشى بىلەن يامان ئارىلىشىپ كەتمەك. — 鱼龙混杂

دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك، تۈگمەنگە ئۆزى بېرىپتۇ. 驴子脊背痒，自己去磨房。

سېخى تاپسا بۆلۈپ يەر، 大方人找到东西分着吃，

بېخىل تاپسا سىقىپ يەر. 吝啬鬼找到东西偷着吃。

پۇت يۈگۈرگى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرگى باشقا. 腿快了赶上饭，嘴快了惹锅端。

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، 金乡银乡，

ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول. 不如故乡

5. ئىخچاملاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش. خەنزۇ تىلىدىكى بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەر جۈپلۈك بولۇپ، ئالدى - كەينى تەكرارلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى ئەسلى شەكلى بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان بولسا، مۇۋاپىق بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداقلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتى بويىچە مۇۋاپىق ھالدا ئىخچاملاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن:

铜墙铁壁 پولات ئىستىھكام.

添枝加叶 شاخلاتماق.

好心好意 ياخشى نىيەت.

装疯卖傻 ساراڭ بولۇۋالماق.

自吹自擂 ماختانچاقلىق قىلماق.

改朝换代 سۇلالە ئالماشماق.

十五个吊桶打水，七上八下。 — دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالماق.

一干二净 پاك - پاكىز.

自言自语 ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىمەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۇراقلىق ئىبارىلەر تىلدىكى گۆھەر، شۇڭا، بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئەينەن، راۋان، جانلىق تەرجىمە قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئۇچرىشى ۋە كۆپىيىشى تۇرغان گەپ. بۇ تۇراقلىق ئىبارىلەرنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان پرىنسىپ بويىچە ئوخشاشمىغان ژانىر ۋە ئوخشاشمىغان تىل مۇھىتىغا ئاساسەن ئۆز لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم.

# مائارىپتا زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم

ئىبراھىم مۆھتى

1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولداش دېڭشياۋپىڭ بېيجىڭ جىڭشەن مەكتىپىگە يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىدا: «مائارىپ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى، مائارىپنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ زامانىۋىلىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىلىم - پەن تارىخچىلىرى 20 - ئەسىرنى «ئىلىم - پەن پارتلىغان دەۋر» دەپ ھۆكۈم قىلىشماقتا. ئالىملار يەنە «ئەگەر بۈگۈن تۇغۇلغان بالا سالامەت چوڭ بولۇپ، 50 ياشقا كىرسە، دۇنيانىڭ پەن - مەدەنىيىتى شۇ 50 يىلدا 30 ھەسسە ئاشىدۇ.» دەپ پەرەز قىلىشماقتا.

يېقىنقى بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان پەن - تېخنىكا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مىسلى كۆرۈلمىگەن تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، بىر قېتىملىق غايەت زور تېخنىكا ئىنقىلاۋىي دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىز بۇ ئۇلۇغۋار ئىنقىلاپ تۈرتكىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن يېڭى تەرەققىياتلارغا تولۇق كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ئىنقىلاپقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى، ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىز مىسلىسىز تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان دۇنيا تېخنىكا ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتى ئالدىدا ھەرگىزمۇ بىخوتلۇق قىلماسلىقىمىز، ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالمىساق زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى پەقەت قۇرۇق بىر ئارزۇغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ خالاس.

ھازىر ئىنسانلار جەمئىيىتى ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئېلېكترون، ئاكۇستىكا، ئوپتىكا قاتارلىق زامانىۋى مائارىپ تېخنىكىلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مائارىپنى ئۆزگەرتىپ، بىر قانچە ئون يىللىق جىددىي ئىسلاھات

ئېلىپ بېرىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. خېلى بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ، يەنىلا بىر - ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۇسۇللىرى بىلەن مەكتەپ باشقۇرغاندا دۇنيادا نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە بىلىمنىڭ كونىراپ كېتىش دەۋرىنى قىسقارتىش تەلىۋىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە.

ماركس خېلى بۇرۇنلا پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، بەلكى بىر خىل تارىختا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىنقىلاۋىي كۈچ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ماركس ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تۈرتكىلىك رولىغا يۈكسەك باھا بەرگەن ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ بەزى دەۋر بۆلگۈچ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ: ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئىنقىلابچىلاردىنمۇ «ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان ئىنقىلابچىلار» دەپ كۆرسەتكەن. (خۇياۋباڭنىڭ ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى.)

ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا بىر قانچە قېتىملىق سانائەت ئىنقىلاۋى ۋە مائارىپ ئىنقىلاۋىنى باشتىن كەچۈردى:

18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلانغان سانائەت ئىنقىلاۋى ئىنسانىيەتنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلاۋى بولۇپ، بۇ ئىنقىلاب توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ماشىنىلىشىشىدىن باشلاندى. بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى پار ماشىنىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى بىلەن خاراكتېرلەندى. ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا تارىختىكى بۇ 1 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلاۋىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، «بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ 100 يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆتكەنكى ھەرقانداق دەۋردە يارىتىلغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن كۆپ ۋە زور بولدى» دېگەن ئىدى.

19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئېلېكتىر دەۋرى باشلىنىپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى سانائەت ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ، ئىلىم - پەن تارىخىدا پار ماشىنىسىدىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى شەكىللەندۈردى. لېنىن ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ رولى، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار مەنزىرىسى ئۈستىدە توختىلىپ «سوۋېت ھاكىمىيىتى + ئېلېكتىرلىشىش = كوممۇنىزم» دەپ كۆرسەتتى.

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 50 - يىللىرىغىچە ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى ۋە ئالەم تېخنىكىسى بارلىققا كېلىپ، تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك بولغان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى — 3 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلاۋى باشلاندى.

مائارىپنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا كەلسەك، مائارىپ تارىخشۇناسلىرى ئۇنى مۇنداق 4 تارىخىي باسقۇچقا بۆلىدۇ:

1 - قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاۋى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن باشلانغان. بۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەلىم - تەربىيە بولۇپ، ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە، ئۇستىلار شاگىرتلىرىغا، پىششىقدەملەر - كىچىكلىرىگە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۆگىتىلىدىغان دەرس تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، تۈرلۈك ئاددى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ئۇلارنى قولغا ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئېغىز ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ ئورمانلىق ۋە داللار دەرسخانا قىلىناتتى.

2 - قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاۋى يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بولۇپ، بۇنىڭدا يېزىق مۇھىم ئوقۇش - ئوقۇتۇش ۋاستىسى قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ شەكىللىنىپ ئىنسانلارنىڭ يازما تارىخى دەۋرى باشلاندى.

3 - قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاۋى نەشرىياتچىلىقنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە نەشرىيات ئارقىلىق تۈرلۈك دەرسلىك كىتاپلارنىڭ نەشر قىلىنىشى. بۇنىڭ بىلەن «مائارىپ» (پېداگوگىكا) مەيدانغا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتا مائارىپ تولۇق شەكىللەندى.

4 - قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاۋى «ئېلېكترلەشكەن مائارىپ»نىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇنىڭ بىلەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ھازىرقى زامان ئىلغار پەن - تېخنىكىلىق مائارىپ يۆنىلىشىگە چۈشۈرۈلدى.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى تارىختا ئۆتكەن بىرقانچە قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاپلىرىنىڭ مەھسۇلى، تارىختىكى بۇ بىرقانچە قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلاپلىرى بولمىغان بولسا، ھازىرقى زامان ئىلغار مائارىپىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق سانائەت ئىنقىلاۋى ئىنسانلار (ئىشچىلار)نى ناھايىتى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئازات قىلغان بولسا، بۇ قېتىمقى مائارىپ ئىنقىلاۋى (ئېلېكترلەشكەن مائارىپ) كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى

زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

مائارىپنى تولۇق زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يۈزلىنىش لازىم. مائارىپ ئىدىيىسى، مائارىپ مەزمۇنى، مائارىپ (ئوقۇتۇش) سۈپىتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە مائارىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. مائارىپ — پۈتكۈل ماددى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، ھازىرقى زامان ئىلىم — پەن دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى، پەن — تېخنىكا جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. مائارىپقا ۋە پەن — تېخنىكىغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئۇ، جەمىيەت تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، جەمىيەت تەرەققىياتى زور توسالغۇلارغا ئۇچراپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچكېلىدۇ. زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى پەقەت بىر ئارزۇغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - يىللاردا يازغان بىر شېئىرىدا:

«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق. مەن مىسال يالاڭاياق، دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن» دېگەن ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىكى شىنجاڭ مائارىپى بىلەن بۈگۈنكى 80 - يىللاردىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقى بولسىمۇ، لېكىن بۇنى دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان مائارىپى، پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا «يالاڭاياق تىكەن دەسسەپ يۈرىدىغان» ھالەت تۈگەپ كەتكىنى يوق. بىز يەنىلا ئالغا قارىشىمىز لازىمكى، ئارقىغا قاراشنىڭ ئىستىقبالى يوق. مائارىپتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز، دۇنيانىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشىمىز لازىم.

بەزى ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ھازىر مەملىكىتىمىزدە يەنىلا 235 مىليوندىن ئارتۇق ساۋاتسىز بار. «زىيالى ياش» دەپ ئاتالغان نەچچە يۈز مىليون ياش ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، شۇنداقلا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش، چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىش ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا تايىنىش بىلەنلا ھەل بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بەلكى ئامما ئېتىراپ قىلغان ئىلغار، ھازىرقى زامان ئو-

قۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. «ئېلېكترلەشكەن مائارىپ» ئەنە شۇ خىل ئېلغار ئۇسۇل ۋە ۋاستىلارنىڭ بىرى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىدىن گۈللەنگەن بىر پەن، ئۇ فىزىكا، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، پەلسەپە، سەنئەت، سىگنال نەزەرىيىسى، كونترول نەزەرىيىسى، سىستېمىلاش نەزەرىيىسى قاتارلىقلار بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى.

پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشى ئوقۇغۇچىلارنى يەنىمۇ نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ۋاقتى چەكلىك. بۇ بىر زىددىيەت. بۇنى ئېلغار ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدە جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا كىنو، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كۆلەمگە قايتۇرۇش ئاپپاراتى، كۆلەمگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، تىل لابوراتورىيىسى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى، سۈنئىي ھەمرادىن قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى قاتارلىقلار ئېلغار ئوقۇتۇش ۋاستىلار سۈپىتىدە، سىنىپقا ئېلىپ كىرىلىپ سىناق قىلىنماقتا. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش، ئۇنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ، ئاساسەن كۆرۈش، ئاڭلاشنى ئاساس قىلىدۇ، بەزى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ئەگەر ئادەملەر نوقۇل ھالدا ئاڭلاش ئارقىلىق بىلىم ئالسا ئۇنىڭ 15% نى ئەستە قالدۇرالايدىكەن. نوقۇل ھالدا كۆرۈشكە تايىنىپ بىلىم ئالسا 25% نى ئەستە قالدۇرالايدىكەن. ئەگەر كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش بىرلەشتۈرۈلسە 65% نى قوبۇل قىلالايدىكەن. «كىنو» ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 3000 يىللىق يازما تارىخنى 60 مىنۇت ئىچىدىلا كىنو ئېكرانىدا تولۇق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدىكەن. ئەگەر مۇشۇ بويىچە ھېساپلىغاندا، 9 مىنۇتتا مەتبەچىلىك تارىخىنى، 3 مىنۇتتا تېلېگراپ ۋە فوتوگرافىيە تارىخىنى، 2 مىنۇتتا تېلېفون، مىخ مەتبە، كىنو، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، سىمسىزدا رادىيولارنىڭ تارىخىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، مائارىپتا زامانىۋىلىشىش، زامانىۋىلاشقان ئېلغار ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئوقۇغۇچىلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، ئۆگەنگەنلىرىنى ياخشى ئەستە قالدۇرۇشقا، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، كىشىلەر روھىنىڭ ئېنژېنېرى دەپ ئاتالغان ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ دوسكا ئالدىدا بور توزاڭلىرىغا مىلىنىپ يۈرۈشتىن ئازات قىلىدۇ.

نۆۋەتتە دۇنيانىڭ يەن ـ تېخىمۇ ئىنقىلاۋى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتىن ئىبارەت 2 تەرەپكە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلماقتا. شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ـ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىگە ئايلانماقتا، ھالبۇكى، بۇ شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا، مائارىپقا تايانماي، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھەممىمىز ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپتا زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئارىستو ھېكىم مۇنداق دىدى:

زەبۇن ۋە پەسكەش بىر ئادەمنىڭ ئوغلى ئەدىپ ۋە ئالىم بولۇپ يېتىشسە، ئاتىسىنىڭ بارچە ئەيىپلىرى يۇيۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا قەدرى ـ قىممىتى ئاشىدۇ.

ئەگەر ئالىم ۋە پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئوغلى پەسكەش، نادان ـ ئەدەپسىز بولۇپ چىقسا ئاتىسىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە پەزىلىتىگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزىدۇ.

«فەۋاكەلجۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

بۇ ساندىكى «ھېكمەتلىك سۆزلەر» نى ئابلىمىت روزى تەييارلىغان.

## مەشھۇر ئادەملەر

# ئەبۇلغازى باھادىرخان

مىلادىيە 1603 - يىلى خارەزىمنىڭ ئۈركەنج① شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەرەپ مەھەممەتخان خارەزىم ئۆزبېك خانلىرىنى ئەجداتلىرىدىن بىرى بولغان يادىگارخاننىڭ تۆتىنچى تارماق شاخچىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئانىسى مەنىر بانۇ خاتۇن بولسا، مۇشۇ ئەۋلاتنىڭ باشقا بىرشاخچىسىدىن بولغان.

ئەرەپ مەھەممەتخان خارەزىمدە ھۆكۈمرانلىق قىلىنۋاتقان 1602 - 1623 - يىللىرى ئۇنىڭ پايتەختى دەسلەپتە ئۈركەنج شەھرى بولۇپ، كېيىنرەك خىۋە قەلئەسىگە كۆچۈرۈلگەن.

ئەرەپ مەھەممەتخاننىڭ ئىسپەندىيارخان، ھەبەشخان، ئىلبارسخان، ئەبۇلغازىخان، شەرىپخان، مەھەممەتخان، خارەزىمشاھخان، ئەبغانخان قاتارلىق 8 نەپەر ئوغلى بولۇپ، خۇددى چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان ھەر قايسى شازادىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەخت تالىشىش، سىياسى تالاش - تارتىشلىرىغا ئوخشاش ئۇلار ئارىسىدىمۇ جىددى، سۈركىلىش ۋە بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇشلار دائىم بولۇپ تۇرغان. شۇڭا ئەرەپ مەھەممەتخان ئۆز ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى بۇ خىل تالاش - تارتىشلارنى پەسەيتىش ۋە ئەبۇلغازىخاننى پايتەختتىن يىراقراق جايدا تۇرغۇزۇپ ئاسراپ قېلىش مەقسىدى بىلەن ئامۇ (جەيچۇن) دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى (ئۈركەنجدىن تەخمىنەن 250 كىلومېتىر يۇقۇرى)دىكى كات شەھرى ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەخش قىلىپ بەرگەن. تارىخىي مەلۇماتلاردا: «ئەرەپ مەھەممەتخان خىۋىدە خانلىق قىلىنۋاتقان دەۋردە تارقاق فېئودال خانلىق ئۇرۇشلار ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەبەشخان ۋە ئىلبارسخانلار قېرىپ قالغان ئاتىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئۇنى ئەسىر ئالدى ھەمدە ۋەھشىلەرچە كۆزىنى ئويۇپ (مىل تارتىپ) كور قىلىشتى» ② دەپ يازىدۇ. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق

---

① ئۈركەنج — ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامۇ (جەيخون) دەرياسىنىڭ ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدىغان غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمقى شەھەر.

②«ئۆزبېكىستان س.س.ر تارىخي» 1 - توم، 1 - كىتاپ، 471 - بەت.

ۋەقەدىن كېيىن ئىبغىر ھەسرەتكە چۆمگەن ئەبۇلغازىخان قېرىنداشلىرى بىلەن قانچە مەرتىۋە جىددى كۈرەش قىلغان بولسىمۇ ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر بۇخارادىكى ئىمام قۇلىخاننىڭ ھىمايىسىگە سىغىنغان، سەمەرقاندا ئىككى يىل تۇرغان. 1623 - يىلى ئەرەپ مەھەممەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىسپەندىيارخان خارەزىمدە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققاندىن كېيىن ① ئۈركەنج شەھرىنى قېرىندىشى ئەبۇلغازى خانغا ھەدىيە قىلغان. لېكىن ئۈركەنج ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار فېئودال تارقاقلىق، ئۇرۇش - جېدەللەر، خۇسۇسەن 1575 - يىلدىن كېيىن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارال كۆلىگە قۇيۇلۇش يولىنى قىسمەن ئۆزگەرتكەنلىكتەك سەۋەپلەر ئارقىسىدا چۆللىشىشكە باشلىغان. بۇ ئىشتىن بىئارام بولغان ئەبۇلغازى باھادىرخان «ئەگەر خارەزىمدە ئۆز ئالدىمغا مۇستەقىل خانلىق تەختىگە چىقسام، بۇ ئىچىنىشلىق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغان بولاتتىم»② دېگەن ئارزۇسى كۈچەيگەن. شۇڭا ئاكىسى ئىسپەندىيارخان (ئاغا بەگ) سەپەرگە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پايتەخت خىۋىگە بېسىپ كىرگەن. ئەمما زور قوشۇن بىلەن قايتقان ئىسپەندىيار ئاغابەككە جىددى ئۇرۇش ئىچىدە تاقابىل تۇرالماي، خىۋىنى تاشلاپ 5 - 6 كىشىسى بىلەن ئىران پادىشاسى ئىسمائىل سافەۋىلەر ئىلىگە قېچىپ كەلگەن. ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆز ئەسىرىدە، 1626 - 1635 - يىللىرىچە ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھرىدە تۇرغانلىقى، ھەتتا ئىران شاھى سافى ئۆزى ئۈچۈن يېتەرلىك مائاش بەلگىلەپ تەمىنات بەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئىسپاھاندا تۇرغان 10 يىل، تارىخ ئىلمىغا ئىنتايىن ئىشتىياق بىلەن قارايدىغان ئەبۇلغازىخان ئۈچۈن زور ئىمكانىيەت ياراتقان. ئۇ، بۇ جەرياندا ئىراندىكى پارىس مەنبەلىرى ئارىسىدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت بارلىق ماتېرىياللار بىلەن بولۇپمۇ ئىران تارىخ ئالىمى رەشىدىددىن قاتارلىقلارنىڭ ھەر خىل ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان ۋە كەلگۈسى ئەسەرلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسپاھاندىمۇ تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي، تۈركمەنلەر ئىلىگە قېچىپ بارغان. بۇ يەردىمۇ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

---

① تۈركمەنلەر ياردىمى بىلەن تەختكە چىققان ئىسپەندىيارخان ئۆزبېكلەرنى سىقىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن نايمانلار كۆپ ئازاپ چەكتى. ئۇلارنى خانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە كالتەكلىدى. قولغا چۈشمەي قالغانلىرىنىڭ چارۋا ماللىرىنى تارتىۋالدى... بۇۋايلار، ئۆسمۈرلەر ۋە ھەتتا بىر ئايغا تولمىغان بوۋاقلىرىنىمۇ قىرىپ تاشلىدى. «بۇ بىر خىۋىلىك تارىخچىنىڭ مەلۇماتى. («ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1 - توم، 1 - كىتاپ 472 - بەت)

② «شەجەرەئى تۈرك» — قازان نەشرى،

1623 - يىلدىن 1642 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاكىسى ئىسپەندىيارخان ئۆلگەندىن 1643 - يىلى خىۋىگە قايتىپ كېلىپ خانلىق تەختىگە چىققان تاكى 1664 - يىلغىچە ئىزچىل 21 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان① گەرچە بۇ جەرياندا تۈركمەنلەر، قالماقلار، بۇخارا، ئۆزبېك خانلىرىغا قارشى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشلار ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەملىكەتنىڭ ئىلىم - مائارىپ، مەدەنىيەت سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ھاياتىدا ئىككى مۇھىم تارىخىي ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ بىرى «شەجەرەئى تىراكىمە»، (تۈركمەنلەر شەجەرىسى) ناملىق ئەسەر بولۇپ 1659 - يىلى تاماملانغان. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تەرجىمە ھالىغائائىت بايانلىرى ۋە بەزى تارىخچىلارنىڭ پىكىرىگە ئاساسلانغاندا ئىران تارىخ ئالىمى رەشىدىددىن (1247 - 1318 - يىللار)نىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ»ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىن ئېلىپ يېزىلغان. بولۇپمۇ تۈركمەنلەر ئارىسىدا تۇرغان يىللىرى توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزنامە» رىۋايەتلىرىنىڭ 20 دىن ئارتۇق ۋارىيانلىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ توغرىسىنى تېپىپ، رەشىدىددىن كىتاۋىدىكى«تارىخى ئوغۇزان» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئوغۇز داستانى»غا بىر مۇنچە ئىزاھلارنى قوشۇپ تولۇقلىغان.

ئىككىنچى ئەسىرى «شەجەرەئى تۈرك» بولۇپ، 1663 - يىلى يېزىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كېسەللىك ۋە ئۆمرى يار بەرمەي تاماملانمىغان. لېكىن ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئوغلى ۋە تەختى ۋارىسى ئانۇشخان تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ 1666 - يىلى تاماملانغان.

«شەجەرەئى تۈرك» كىتاۋى رۇس، نېمىس ئېنگلىس، فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بىرىنچى مەرتىۋە فرانسىيىدە 1726 - يىلى فرانسۇزچە تەرجىمىسى، 1824 - يىلى تاتارىستان - قازان شەھرىدە تاتارچە نۇسخىسى، 1864 - يىلى ئىستامبولدا ئوسمانلى تۈركچە تەرجىمىلىرى نەشر قىلىنغان. «شەجەرەئى تىراكىمە»(تۈركمەنلەر شەجەرىسى)نىڭ ئەسلى نۇسخىسى 1937 - يىلى تۈركىيەدە دوختۇر رىزانۇر، 1958 - يىلى موسكۋادا ئا. ن كوتونوۋ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شىنجاڭدا «شەجەرەئى تراكىمە» ۋە «شەجەرەئى تۈرك» نىڭ 1910 - يىللىرى قازاندا قايتا نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى بار. سۈرىيىلىك ئەرەپ تارىخچىسى مەھەممەدىل ئەسەل شافى نىڭ «تارىخىئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ «تۈركىستان» قىسمىدا «شەجەرەئى تىراكىمە» دىن كۆپ ئورۇندا نەقىل كەلتۈرىدۇ.

رەشىدىددىن بىلەن ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ ئەسەرلىرىگە ئالىملارنىڭ ھەرخىل كۆز

①«ئەبۇلغازىخان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان يىللاردا (1646 - يىلى) خارەزىمدىكى قەبىلىلەر تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ئىدى؛ قىيات - قوڭغىرات، ئۇيغۇر - نايمان، قاڭلى - قىپچاق، ئوگۇر - مانغىتلاردىن ئىبارەت. (ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1 - توم 467 - بەت)

قاراشلىرى بار. بەزىلىرى ئۇلارنىڭ تارىخى كۆچمەن - چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يۇسۇندا ئېغىزچە ساقلانغان ماتېرىياللار، نەسەپرىۋايەتچىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغان، ئارخېئولوگىيىلىك ياكى يازما مەنبە ئاساسى كەم دىسە، بەزىلىرى مەزمۇنىنىڭ موللۇغى، تارىخى قىممىتىنىڭ يۇقۇرىلىغى، ئادەم، قەبىلە، ھەتتا يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئېتنىك مەلۇماتلىرى، ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەتراپلىق ئىكەنلىگى ھەققىدە ناھايىتى يۇقۇرى باھالايدۇ.

تاتار تارىخچىسى ھادى ئاتلاسوف: «تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ نەسەبىنى بىلىشتە ئەبۇلغازىغا ھېچكىم تەڭداش بولالمىغانلىغى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ يازغانلىرىنى ھەق (راست) دەپ ئېتىقات قىلىمىز»① دەيدۇ.

يەنە بەزى مەلۇماتلاردا «شەجەرەئى تۈرك» موغۇل خانىدانلىرى ۋە قەبىلىلىرى تارىخىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ دەسلەپكى مەنبەلەردىن بىرى ... موغۇللارنىڭ تارىخى ھەققىدە ياۋروپاغا ئەڭ بۇرۇن مەلۇمات بەرگەن ئەسەر — دېيىلگەن. «شەجەرەئى تۈرك»نىڭ قازان نەشرى شىنجاڭ خەلق مۇزېيى ۋە بەزى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىدۇ.

ئابلىمىت روزى

② «سىبىرىيە تارىخى» ھادى ئاتلاسوف. 1911 - يىل، قازان نەشر 69 - بەت.

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 17 - توم

# دۇڭخۇاڭ - تۇرپان ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا

تۇرسۇن رەھمىتۇللا

دۇڭخۇاڭ - تۇرپان — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى گەنسۇ، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى رايونغا جايلاشقان. بۇ جايلاردا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى ياراتقان ئىككى مىڭ قانچە يىللىق تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، بولۇپمۇ دىنىي مەدەنىيەتكە ئائىت بىر قەدەر مول، شەكىل ۋە مەزمۇنى بىر قەدەر ئەتراپلىق بولغان يادىكارلىقلار مەركەزلەشكەن. فېئودالىق كونا جۇڭگودا بۇ جايلاردىكى تارىخىي ئىزلار، مەدەنىي يادىكارلىقلار ياخشى ئاسرالماي مۇۋاپىق قوغدالمىغاچقا، چەتئەللەرنىڭ بىر مۇنچە «ئىلمىي تەشكىلات»لىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۆز تىكىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئارخېئولوگىيىلىك چارلاش، قېزىش، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئەۋەتىپ، ئۆزى خالىغانچە كۆپلىگەن مۇھىم ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر بېرلىن، پارىژ، لوندون، توكيو، ئىستوكھولم قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تارىخىي مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا تۇرماقتا. دۇڭخۇاڭ - تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان بۇ يادىكارلىقلار ئۆز ۋاقتىدا چەتئەل ئالىملىرى ۋە زىيالىيلىرىدا ئىنتايىن زور قىزىقىش قوزغىغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىدە تۇركولوگىيە - تۇركشۇناسلىق ماقالا، ئەسەرلەر ئېلان قىلىپ ئالاھىدە بىر پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش - تەتقىقاتى تا ھازىرغىچە ئۈزۈلۈكسىز داۋام قىلماقتا.

بۇ ئىككى مەركەزدىكى تارىخىي يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش مەملىكىتىمىز ئالىملىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. لېكىن بىر قانچە يىللىق قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنمىدى. پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ جەڭگىۋار چاقىرىقى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئورگانلىرى، بېيجىڭ داشۆ قاتارلىق بىر قانچە ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەدەنىي ئاسارە - ئەتىقە تەتقىقاتى ئورۇنلىرىدىكى ئىلمىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىدە «دۇڭخۇاڭ - تۇرپان ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مائارىپ بۆلۈمى، گەنسۇ

ئۆلكىسى، شىنجاڭ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتلىرى زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

«ئىلمىي جەمئىيەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ «دۇڭخۇاڭ - تۇرپان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى»نى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى، يۆنىلىشى، باسقۇچلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

«دۇڭخۇاڭ - تۇرپان قەدىمقى مەدەنىيىتى»نى تەكشۈرۈشنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىمۇ يەكۈنلەندى.

يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى: ئەڭ كېچىككەندە تەكشۈرۈشنىڭ باشلىنىشىنى 1909 - يىلدىن ھېسابلىساق 1983 - يىلغىچە 74 يىل ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ جەرياندا 3 باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

1. باسقۇچ: 1909 - يىلدىن 1924 - يىللارغىچە. 2 - باسقۇچ: 1925 - يىلدىن 1948 - يىلىغىچە. 3 - باسقۇچ: 1949 - يىلدىن تاكى ھازىرغىچە.

يىغىن ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنىمۇ خاتىرىلەپ ئۆتتى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى: كونا جۇڭگودا پەن - تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يوق دېيەرلىك ئىدى، بولۇپمۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ چىرىكلىكىدىن كۆپ ساندىكى قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئېسىل نۇسخىلاردا كۆچۈرۈلگەن قوليازمىلار، مەدەنىي بۇيۇملار، رەسىم ھەيكەللەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن خېلى زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەملىكىتىمىز ئالىملىرى ۋەتىنىمىزنىڭ غۇرۇرى، تارىخىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن: ليۇ جېنيۇ، ۋاڭ گو - ۋېي قاتارلىق ئەپەندىلەردىن باشلاپ تاكى چېڭ يەنگې، چېڭ يۈەن، ليۇفۇ، شياڭدا، ۋاڭ جۇڭمىن، خۇاڭ ۋېن، دۇۋەن، چاڭ شۇخوڭ، شيەن لياڭفۇ قاتارلىق ئەپەندىلەرگىچە بولغان پېشقەدەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بەزى نۇقتىلىق ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش، رەتلەش، ئاسراش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە خېلى كۆپ خىزمەتلەر ئىشلەندى ۋە بەزى نەتىجىلەر يارىتىلدى. لېكىن بىزنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىمىز چەتئەللەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغا تېخى يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە - خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، ئاسراش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. دۇڭخۇاڭ قۇم بارخان ئۆڭكۈرلىرى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك ۋە ئىدىقۇت خارابىلىرى نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان جايلار قىلىپ بېكىتىلدى.

1956 ـ يىلى تۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 12 يىللىق ئىلمىي پىلاندا دۇڭخۇاڭ تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم بىر ساھە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە چېڭ چىڭتو، ماۋېي شىن، شياڭدا، ۋاڭچۇڭمىن، خوچاڭچۈك قاتارلىق ئەپەندىلەر دۇڭخۇاڭ ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئىلمىي پىلان لايىھىسىنى تەكلىپ قىلىشقان ئىدى. نەتىجىدە 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تەتقىقات خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، چەتئەللەر بىلەن پەرق كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازايغان ئىدى. ئەپسۇسكى، 10 يىللىق مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتلەر ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، پەرق يەنىلا كېڭىيىپ كەتتى. ئادەم تەربىيىلەش، پىلانلاش، ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش، ئىلمىي تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمىدى. بەختكە يارىشا 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپان تەتقىقاتى خىزمىتى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىشكە باشلىدى. 1978 ـ يىلى يولداش فاڭيى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دۇڭخۇاڭ ئىنگىزلىگىدىكى تاش ئۆي، قۇم بارخان ـــ ئۆڭكۈرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئىدى. يولداش دېڭشياۋپىڭ، يولداش لى شيەننيەنلەر بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى. شۇ يىلى يولداش تاڭچاۋرۇ قاتارلىق 8 نەپەر پەن خادىملىرى دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە كىلاسسىك ئەسىل نۇسخىلىق كىتابلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنى قۇرۇپ، نەشر قىلىش تەييارلىقى، ئادەم تەربىيىلەش خىزمەتلىرىگە كىرىشتى.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا چاڭشۇخۇڭ ئەپەندى غەربىي شىمالدىكى مەدەنىي يادىكارلىق ـــ ئۆڭكۈرلەرنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ جەھەتتە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1981 ـ يىلى دېڭشياۋپىڭ، ۋاڭرېنجۇڭ، ۋاڭجېن، جاڭنيەنشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر دۇڭخۇاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇھىم يوليورۇقلار بەردى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مائارىپ بۇسى نەنجىندە ئىلمىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ بۇ خىزمەت ھەققىدە مۇزاكىرە ۋە ئىلھاملاندۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. شۇ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭياڭ مەدەنىيەت بۇسىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى، دۇڭخۇاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلار تەتقىقات ئورگىنى، شىنجاڭ خەلق مۇزېيى، بېيجىڭ، ۋۇخەن، خاڭجۇ، لەنجۇ داشۆلىرى، غەربىي شىمال سىفەن شۆيۈەنى قاتارلىق ئورۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، تەشكىللەش، تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى باشلىۋەتتى. بىرقانچە ئون نەپەر ئىلمىي خادىملار ئىككى قېتىملىق «يىپەك يولى»، «دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپان ئىلمىي تەكشۈرۈش» پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1982 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن مەركىزىي مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى كىلاسسىك

ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ مۇزېيى، ۋۇخەن داشۆ تارىخ پاكولتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قولىيازمىلاردىن 5 توپلام نەشر قىلدى.

دۇڭخۇاڭ تەتقىقات ئورنى: «دۇڭخۇاڭدىكى تاش ئۆڭكۈرلەر مۇندەرىجىسى»، «دۇڭخۇاڭ تەتقىقاتى» قاتارلىق ژورنال ۋە كىتابلار نەشر قىلدى. بېيجىڭ داشۆسى «دۇڭخۇاڭ-تۇرپان نادىر ئەسەرلەر تەتقىقاتى» توپلىمى، لەنجۇ داشۆسى «دۇڭخۇاڭ ئىلمىي ژورنىلى» ۋە «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى ژورنىلى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلدى.

جۇ شياۋلىڭ، بەي خۇاۋىن ئەپەندىلەر بىرلىشىپ «دۇڭخۇاڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، جاڭ لىخۇڭ ئەپەندىنىڭ «دۇڭخۇاڭ - تۇرپان تىل - يېزىقلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئۆزگەرتىش»دېگەن ماقالىسىنىڭ 4 خىل نەشرى ئېلان قىلىندى.

يېقىندا يەنە، جۇ زۇمۇ ئەپەندىنىڭ «دۇڭخۇاڭ تەلەپپۇزىدىكى كىتابلارنى توپلاپ ساقلاش» ناملىق ئەسىرى، ۋۇخەن داشۆسى تارىخ پاكولتېتى تۈزگەن «تۇرپان تەتقىقاتى توپلىمى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «دۇڭخۇاڭ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 - توم تۈزۈتۈلگەن نۇسخىسى، شيەن مەيلىي ئەپەندىنىڭ «دۇڭخۇاڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ۋەخپە ئىقتىسادى» قاتارلىق ئەسەرلىرى، يەنە بىر قىسىم كاتالوگلار، توپلاملارنىڭ پات ئارىدا نەشرىدىن چىقىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

بۇلاردىن باشقا يەنە مەملىكەتلىك تارىخ تەتقىقاتى پىلان يىغىنىدا «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەپ تەتقىق قىلىش»، «دۇڭخۇاڭ يازما يادىكارلىقلىرى» بولۇپمۇ خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى رەتلەپ تەتقىق قىلىش،دۆلىتىمىزنىڭ ئالتىنچى - بەش يىللىق پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ چەتئەل ئالىملىرى ۋە ئىلمىي گۇرۇھلار بىلەن بولغان مەدەنىي ئالاقىلىرىمۇ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئاشۇرۇلدى، 1983 - يىل 2 - ئايدا پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇڭخۇاڭ تام سىزمىلىرى كۆرگەزمىسى» بىلەن «دۇڭخۇاڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ 4 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىل 9 - ئايدا ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 31 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا ئىجتىمائىي پەنلەر يىغىنى «دۇڭخۇاڭ ئىلمىي گۇرۇپپىسى» غا بىر قىسىم جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ قاتنىشىپ بېرىشى تەكلىپ قىلىندى، بۇ، ئېلىمىزنىڭ «دۇڭخۇاڭ - تۇرپان ئىلمىي تەتقىقاتى» ئىشلىرىدا ئۇزئارا ھەمكارلىشىپ كوللېكتىپ تەتقىق قىلىش يولىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: دۇڭخۇاڭ - تۇرپان جۇڭگودا تۇرۇپتۇ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت ئالىملىرى، ئىلىم ئىگىلىرى بۇ ساھەدە نەتىجىلىك خىزمەت ئىشلەپ كېتەلەيدىغانلىقى، يۇقۇرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ئەسەرلىرى بىلەن تۆھپە قوشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

جەمىيەتنىڭ مۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىسى، تارىخىي ئەسەرلەرگە ماركسىزىم نەزىرى

يىسسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ياش تەتقىقاتچى ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، جوڭگونىڭ دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپان ئىلمى تەتقىقاتى ئىشلىرىدا خەلقارادا ئۆزىگە يارىشا ئورۇننى ئىگەللىشى ئۈچۈن تىرىشىشتىن ئىبارەت.

يىغىن يەنە، جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ھەقىقىي تۇردە تەتقىق قىلىپ، جوڭخۇانى گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ھەمدە ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قۇرۇپ چىقىشتا زور دەرىجىدە تۆھپە قوشايلى دەپ چاقىرىق قىلدى.

بۇ قېتىمقى تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر، مىللەتشۇناسلار، دىنىي تەتقىقاتچىلار، تىلشۇناسلار، جۇغراپىيەشۇناسلار، رەسسام، ئۇسۇل، مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، پىششىقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئالىم ۋە ئىلمىي خادىملاردىن بولۇپ 160 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ۋە ئىش بېجىرىش ئورگىنى سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

مەن بۇ قېتىمقى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ ئالغان تەسىراتىم بويىچە دۇڭخۇاڭ ئىگىزلىكىدىكى مەدەنىي يادىكارلىق تاش ئۆي ۋە قۇم بارخان ـ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

دۇڭخۇاڭ خىشى كالىدورىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان. بۇيەر خەن سۇلالىسىنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 111 ـ يىللار) قەدىمقى يىپەك يولى ئۈستىدىكى مۇھىم شەھەر ئىدى. دۇڭخۇاڭدىكى «تاش غارلار ۋە قۇمبارخان ـ ئۆڭكۈرلىرى» دۇڭخۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان مىڭ شا شەرقىي تاغ ئېتىكىنى بويلاپ بىر يارلىقنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان. جەنۇپتىن شىمالغا 1600 مېتىر كېلىدۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇم بارخانلىرىدىكى ئۆڭكۈرلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 366 ـ يىللىرى قۇرۇلغانلىقى مەلۇم. تاڭ دەۋرىنىڭ ئايال پادىشاسى ۋۇزەيتيەن زامانىسىدا ئۆڭكۈرلەرنىڭ سانى 1000 دىن ئارتۇقراق ئىكەن. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتىشى، ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئارقىسىدا شىمالىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ، سۈي، تاڭ بەش دەۋرگە ۋە سۇڭ، غەربىي شيا، يۈەن قاتارلىق دەۋرلەرگە ئائىت ئۆڭكۈرلەردىن بۈگۈنگىچە ئاران 492سى ساقلىنىپ قالغان. 45مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى جايلاردا ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت سىزما رەسىملەر، 2000 دىن ئارتۇق رەڭدار ھەيكەل ـ بۇتلار بار، تاڭ، سۇڭ دەۋرىنىڭ ياغاچ قۇرۇلما غارلىرىدىن بەش يۈرۈش ساقلانغان. بۇلار دۆلىتىمىزبويىچە كۆلىمى بىر قەدەر زور، ھەيۋەتلىك، قۇرۇلۇشى مۇكەممەلرەكبولۇپ، ياخشىراق ساقلانغان بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ غەزنىسىدۇر، بۇددا دىنى ئېلىمىزگە شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ھىندىستاندىن كىرگەندىن كېيىن ھۆكۈمرانسىنىپلارنىڭ زوركۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن، بۇ دىنىنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقاتى «تۇرمۇشنىڭ

قاشقالىغىغا سەۋرى ـ تاقەت قىلىش»، «ئۇدۇنياغابارغاندا ھالاۋەت كۆرىسەن» دىيىش، «ئەجىرى قىلىساڭ باشقىلارغا بەرگىن ئۇ دۇنيادا ساۋاپ تاپىسەن» دىگەنگە ئوخشاشلاردىن ئىبارەت ئىدى، شۇڭا بۇددۆلتىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئودالىزىم جەمئيىتىدە ئاساسلىق دىنلاردىن بىرى بولۇپ قالغان، دۇڭ خۇاڭ ئىڭگىزلىگىدىكى غارلار، ئۈڭكۈرلەرنىڭ شۇنچىلا كۆپ بولۇشى بۇددا دىنىنىڭ تەشۋىقات ئېھتىياجىدىن بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ تامىلىرىدىكى رەسىملەر، ھەيكەللەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بىر قەدەر قەدىمىراق بولغان غارۋە ئۈڭكۈرلەردە ھەرخىل «ھايات» ۋە «بۇددانىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار ھىكايە قىلىنغان. ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت رەسىملەردە ئەھۋال ئاز ـ تولاباشقىچە بولۇپ، بۇددادىنى تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. قەدىمقى زامان سەنئەتكارلىرى بۇددا ئەقىدىسىنىڭ بىرەر مەزمۇنىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن چاغلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن، ئۆزى قىزىققان ۋە بىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى تاللاپ ئىشلەتكەن.

مەسىلەن: 249 ـ 285 ـ غار، (غەربىي ۋېي) 296 ـ ئۈڭكۈر (شىمالى جۇ)، 22 ـ 445 ـ ئۈڭكۈر (تاڭ)، 61 ـ ئۈڭكۈر (سۇڭ) لەردە ئاشلىققا قاراپ تۇرۇش، بېلىق تۇتۇش، تېرىقچىلىق، ئورمان ئۆستۈرۈش، ئۆي سېلىش، تۇگمەنچىلىك، چىلگە شال تېرىش قاتارلىق جانلىق ئەمگەك مەيدانى تەسۋىرلەنگەن. تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا ئائىت 98 ـ ئۈڭكۈر يەنەبەش دەۋرگە ئائىت ئۈڭكۈرلەردە ھارۋا، كېمىسازلىق، قوش ـ سۆرەم سېلىش، رەخت توقۇش ئەسۋاپلىرى قاتارلىق ھالەت ۋە نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىغا ئائىت رەسىملەر قەدىمقى جەمىيەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيسى، خەلق تۇرمۇشى، قاتناش قوراللىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە جەمىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئوۋلاۋ، ساياھەت ئورۇش، قىلىش، مەكتەپ، تىبابەتچىلىك، مېھماندارچىلىق، شوتا ـ پەلەمپەي، ھاراقخانا، قۇشقانا ۋە بىر مۇنچە ھەرخىل تۇرمۇش مەنزىرىلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. بۇلار شۇ دەۋردىكى ھەرخىل تەبىقىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

# ھىجرىيە ۋە مىلادى كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 1 | | | 2 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 622 - 623 | | | 623 - 624 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئاي | ھەپتە | |
| 1 | 15 | 7 | 6 | 5 | 7 | 3 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈنلىرى، ھەپتىسى ئوخشاش |
| 3 | 16 | 8 | 1 | 4 | 8 | 5 | |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuharrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Suəpər | 2. سەپەر |
| Rabiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rabiüssani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xəban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulkə,də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulhijjə | 12. زۇلھىججە |

| 101 | 501<br>1107 - 1108 | 502<br>1108 - 1109 | 503<br>1109 - 1110 | 504<br>1110 - 1111 | 505<br>1111 - 1112 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22·8·5 | 11·8·3 | 31·7·7 | 20·7·4 | 10·7·2 |
| 2 | 21·9·7 | 10·9·5 | 30·8·2 | 19·8·6 | 9·8·4 |
| 3 | 20·10·1 | 9·10·6 | 28·9·3 | 17·9·7 | 7·9·5 |
| 4 | 19·11·3 | 8·11·1 | 28·10·5 | 17·10·2 | 7·10·7 |
| 5 | 18·12·4 | 7·12·2 | 26·11·6 | 15·11·3 | 5·11·1 |
| 6 | 17·1·6 | 6·1·4 | 26·12·1 | 15·12·5 | 5·12·3 |
| 7 | 15·2·7 | 4·2·5 | 24·1·2 | 13·1·6 | 3·1·4 |
| 8 | 16·3·2 | 6·3·7 | 23·2·4 | 12·2·1 | 2·2·6 |
| 9 | 14·4·3 | 4·4·1 | 24·3·5 | 13·3·2 | 2·3·7 |
| 10 | 14·5·5 | 4·5·3 | 23·4·7 | 12·4·4 | 1·4·2 |
| 11 | 12·6·6 | 2·6·4 | 22·5·1 | 11·5·5 | 30·4·3 |
| 12 | 12·7·1 | 2·7·6 | 21·6·3 | 10·6·7 | 30·5·5 |

| 102 | 506<br>1112 - 1113 | 507<br>1113 - 1114 | 508<br>1114 - 1115 | 509<br>1115 - 1116 | 510<br>1116 - 1117 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28·6·6 | 18·6·4 | 7·6·1 | 27·5·5 | 16·5·3 |
| 2 | 28·7·1 | 18·7·6 | 7·7·3 | 26·6·7 | 15·6·5 |
| 3 | 26·8·2 | 16·8·7 | 5·8·4 | 25·7·1 | 14·7·6 |
| 4 | 25·9·4 | 15·9·2 | 4·9·6 | 24·8·3 | 13·8·1 |
| 5 | 24·10·5 | 14·10·3 | 3·10·7 | 22·9·4 | 11·9·2 |
| 6 | 23·11·7 | 13·11·5 | 2·11·2 | 22·10·6 | 11·10·4 |
| 7 | 22·12·1 | 12·12·6 | 1·12·3 | 20·11·7 | 9·11·5 |
| 8 | 21·1·3 | 11·1·1 | 31·12·5 | 20·12·2 | 9·12·7 |
| 9 | 19·2·4 | 9·2·2 | 29·1·6 | 18·1·3 | 7·1·1 |
| 10 | 21·3·6 | 11·3·4 | 28·2·1 | 17·2·5 | 6·2·3 |
| 11 | 19·4·7 | 9·4·5 | 29·3·2 | 17·3·6 | 7·3·4 |
| 12 | 19·5·2 | 9·5·7 | 28·4·4 | 16·4·1 | 6·4·6 |

| 103 | 511<br>1117 - 1118 | 512<br>1118 - 1119 | 513<br>1119 - 1120 | 514<br>1120 - 1121 | 515<br>1121 - 1122 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5·5·7 | 24·4·4 | 14·4·2 | 2·4·6 | 22·3·3 |
| 2 | 4·6·2 | 24·5·6 | 14·5·4 | 2·5·1 | 21·4·5 |
| 3 | 3·7·3 | 22·6·7 | 12·6·5 | 31·5·2 | 20·5·6 |
| 4 | 2·8·5 | 22·7·2 | 12·7·7 | 30·6·4 | 19·6·1 |
| 5 | 31·8·6 | 20·8·3 | 10·8·1 | 29·7·5 | 18·7·2 |
| 6 | 30·9·1 | 19·9·5 | 9·9·3 | 28·8·7 | 17·8·4 |
| 7 | 29·10·2 | 18·10·6 | 8·10·4 | 26·9·1 | 15·9·5 |
| 8 | 28·11·4 | 17·11·1 | 7·11·6 | 26·10·3 | 15·10·7 |
| 9 | 27·12·5 | 16·12·2 | 6·12·7 | 24·11·4 | 13·11·1 |
| 10 | 26·1·7 | 15·1·4 | 5·1·2 | 24·12·6 | 13·12·3 |
| 11 | 24·2·1 | 13·2·5 | 3·2·3 | 22·1·7 | 11·1·4 |
| 12 | 26·3·3 | 15·3·7 | 4·3·5 | 21·2·2 | 10·2·6 |

| 104 | 516<br>1122 - 1123 | 517<br>1123 - 1124 | 518<br>1124 - 1125 | 519<br>1125 | 520<br>1126 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 12·3·1 | 1·3·5 | 19·2·3 | 7·2·7 | 27·1·4 |
| 2 | 11·4·3 | 31·3·7 | 20·3·5 | 9·3·2 | 26·2·6 |
| 3 | 10·5·4 | 29·4·1 | 18·4·6 | 7·4·3 | 27·3·7 |
| 4 | 9·6·6 | 29·5·3 | 18·5·1 | 7·5·5 | 26·4·2 |
| 5 | 8·7·7 | 27·6·4 | 16·6·2 | 5·6·6 | 25·5·3 |
| 6 | 7·8·2 | 27·7·6 | 16·7·4 | 5·7·1 | 24·6·5 |
| 7 | 5·9·3 | 25·8·7 | 14·8·5 | 3·8·2 | 23·7·6 |
| 8 | 5·10·5 | 24·9·2 | 13·9·7 | 2·9·4 | 22·8·1 |
| 9 | 3·11·6 | 23·10·3 | 12·10·1 | 1·10·5 | 20·9·2 |
| 10 | 3·12·1 | 22·11·5 | 11·11·3 | 31·10·7 | 20·10·4 |
| 11 | 1·1·2 | 21·12·6 | 10·12·4 | 29·11·1 | 18·11·5 |
| 12 | 31·1·4 | 20·1·1 | 9·1·6 | 29·12·3 | 18·12·7 |

| 105 | 521<br>1127 | 522<br>1128 | 523<br>1128 - 1129 | 524<br>1129 - 1130 | 525<br>1130 - 1131 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17·1·2 | 6·1·6 | 25·12·3 | 15·12·1 | 4·12·5 |
| 2 | 16·2·4 | 5·2·1 | 24·1·5 | 14·1·3 | 3·1·7 |
| 3 | 17·3·5 | 5·3·2 | 22·2·6 | 12·2·4 | 1·2·1 |
| 4 | 16·4·7 | 4·4·4 | 24·3·1 | 14·3·6 | 3·3·3 |
| 5 | 15·5·1 | 3·5·5 | 22·4·2 | 12·4·7 | 2·4·4 |
| 6 | 14·6·3 | 2·6·7 | 22·5·4 | 12·5·2 | 1·5·6 |
| 7 | 13·7·4 | 1·7·1 | 20·6·5 | 10·6·3 | 30·5·7 |
| 8 | 12·8·6 | 31·7·3 | 20·7·7 | 10·7·5 | 29·6·2 |
| 9 | 10·9·7 | 29·8·4 | 18·8·1 | 8·8·6 | 28·7·3 |
| 10 | 10·10·2 | 28·9·6 | 17·9·3 | 7·9·1 | 27·8·5 |
| 11 | 8·11·3 | 27·10·7 | 16·10·4 | 6·10·2 | 25·9·6 |
| 12 | 8·12·5 | 26·11·2 | 15·11·6 | 5·11·4 | 25·10·1 |

| 106 | 526<br>1131 - 1132 | 527<br>1132 - 1133 | 528<br>1133 - 1134 | 529<br>1134 - 1135 | 530<br>1135 - 1136 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23·11·2 | 12·11·7 | 1·11·4 | 22·10·2 | 11·10·6 |
| 2 | 23·12·4 | 12·12·2 | 1·12·6 | 21·11·4 | 10·11·1 |
| 3 | 21·1·5 | 10·1·3 | 30·12·7 | 20·12·5 | 9·12·2 |
| 4 | 20·2·7 | 9·2·5 | 29·1·2 | 19·1·7 | 8·1·4 |
| 5 | 20·3·1 | 10·3·6 | 27·2·3 | 17·2·1 | 6·2·5 |
| 6 | 19·4·3 | 9·4·1 | 29·3·5 | 19·3·3 | 7·3·7 |
| 7 | 18·5·4 | 8·5·2 | 27·4·6 | 17·4·4 | 5·4·1 |
| 8 | 17·6·6 | 7·6·4 | 27·5·1 | 17·5·6 | 5·5·3 |
| 9 | 16·7·7 | 6·7·5 | 25·6·2 | 15·6·7 | 3·6·4 |
| 10 | 15·8·2 | 5·8·7 | 25·7·4 | 15·7·2 | 3·7·6 |
| 11 | 13·9·3 | 3·9·1 | 23·8·5 | 13·8·3 | 1·8·7 |
| 12 | 13·10·5 | 3·10·3 | 22·9·7 | 12·9·5 | 31·8·2 |

| 107 | 531<br>1136 - 1137 | 532<br>1137 - 1138 | 533<br>1138 - 1139 | 534<br>1139 - 1140 | 535<br>1140 - 1141 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29·9·3 | 19·9·1 | 8·9·5 | 28·8·2 | 17·8·7 |
| 2 | 29·10·5 | 19·10·3 | 8·10·7 | 27·9·4 | 16·9·2 |
| 3 | 27·11·6 | 17·11·4 | 6·11·1 | 26·10·5 | 15·10·3 |
| 4 | 27·12·1 | 17·12·6 | 6·12·3 | 25·11·7 | 14·11·5 |
| 5 | 25·1·2 | 15·1·7 | 4·1·4 | 24·12·1 | 13·12·6 |
| 6 | 24·2·4 | 14·2·2 | 3·2·6 | 23·1·3 | 12·1·1 |
| 7 | 25·3·5 | 15·3·3 | 4·3·7 | 21·2·4 | 10·2·2 |
| 8 | 24·4·7 | 14·4·5 | 3·4·2 | 22·3·6 | 12·3·4 |
| 9 | 23·5·1 | 13·5·6 | 2·5·3 | 20·4·7 | 10·4·5 |
| 10 | 22·6·3 | 12·6·1 | 1·6·5 | 20·5·2 | 10·5·7 |
| 11 | 21·7·4 | 11·7·2 | 30·6·6 | 18·6·3 | 8·6·1 |
| 12 | 20·8·6 | 10·8·4 | 30·7·1 | 18·7·5 | 8·7·3 |

| 108 | 536<br>1141 - 1142 | 537<br>1142 - 1143 | 538<br>1143 - 1144 | 539<br>1144 - 1145 | 540<br>1145 - 1146 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6·8·4 | 27·7·2 | 16·7·6 | 4·7·3 | 24·6·1 |
| 2 | 5·9·6 | 26·8·4 | 15·8·1 | 3·8·5 | 24·7·3 |
| 3 | 4·10·7 | 24·9·5 | 13·9·2 | 1·9·6 | 22·8·4 |
| 4 | 3·11·2 | 24·10·7 | 13·10·4 | 1·10·1 | 21·9·6 |
| 5 | 2·12·3 | 22·11·1 | 11·11·5 | 30·10·2 | 20·10·7 |
| 6 | 1·1·5 | 22·12·3 | 11·12·7 | 29·11·4 | 19·11·2 |
| 7 | 30·1·6 | 20·1·4 | 9·1·1 | 28·12·5 | 18·12·3 |
| 8 | 1·3·1 | 19·2·6 | 8·2·3 | 27·1·7 | 17·1·5 |
| 9 | 30·3·2 | 20·3·7 | 8·3·4 | 25·2·1 | 15·2·6 |
| 10 | 29·4·4 | 19·4·2 | 7·4·6 | 27·3·3 | 17·3·1 |
| 11 | 28·5·5 | 18·5·3 | 6·5·7 | 25·4·4 | 15·4·2 |
| 12 | 27·6·7 | 17·6·5 | 5·6·2 | 25·5·6 | 15·5·4 |

| 109 | 541<br>1146 - 1147 | 542<br>1147 - 1148 | 543<br>1148 - 1149 | 544<br>1149 - 1150 | 545<br>1150 - 1151 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13·6·5 | 2·6·2 | 22·5·7 | 11·5·4 | 30·4·1 |
| 2 | 13·7·7 | 2·7·4 | 21·6·2 | 10·6·6 | 30·5·3 |
| 3 | 11·8·1 | 31·7·5 | 20·7·3 | 9·7·7 | 28·6·4 |
| 4 | 10·9·3 | 30·8·7 | 19·8·5 | 8·8·2 | 28·7·6 |
| 5 | 9·10·4 | 28·9·1 | 17·9·6 | 6·9·3 | 26·8·7 |
| 6 | 8·11·6 | 28·10·3 | 17·10·1 | 6·10·5 | 25·9·2 |
| 7 | 7·12·7 | 26·11·4 | 15·11·2 | 4·11·6 | 24·10·3 |
| 8 | 6·1·2 | 26·12·6 | 15·12·4 | 4·12·1 | 23·11·5 |
| 9 | 4·2·3 | 24·1·7 | 13·1·5 | 2·1·2 | 22·12·6 |
| 10 | 6·3·5 | 23·2·2 | 12·2·7 | 1·2·4 | 21·1·1 |
| 11 | 4·4·6 | 23·3·3 | 13·3·1 | 2·3·5 | 19·2·2 |
| 12 | 4·5·1 | 22·4·5 | 12·4·3 | 1·4·7 | 21·3·4 |

| 110 | 546<br>1151 - 1152 | 547<br>1152 - 1153 | 548<br>1153 - 1154 | 549<br>1154 - 1155 | 550<br>1155 - 1156 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 20·4·6 | 8·4·3 | 29·3·1 | 18·3·5 | 7·3·2 |
| 2 | 20·5·1 | 8·5·5 | 28·4·3 | 17·4·7 | 6·4·4 |
| 3 | 18·6·2 | 6·6·6 | 27·5·4 | 16·5·1 | 5·5·5 |
| 4 | 18·7·4 | 6·7·1 | 26·6·6 | 15·6·3 | 4·6·7 |
| 5 | 16·8·5 | 4·8·2 | 25·7·7 | 14·7·4 | 3·7·1 |
| 6 | 15·9·7 | 3·9·4 | 24·8·2 | 13·8·6 | 2·8·3 |
| 7 | 14·10·1 | 2·10·5 | 22·9·3 | 11·9·7 | 31·8·4 |
| 8 | 13·11·3 | 1·11·7 | 22·10·5 | 11·10·2 | 30·9·6 |
| 9 | 12·12·4 | 30·11·1 | 30·11·6 | 9·11·3 | 29·10·7 |
| 10 | 11·1·6 | 30·12·3 | 20·12·1 | 9·12·5 | 28·11·2 |
| 11 | 9·2·7 | 28·1·4 | 18·1·2 | 7·1·6 | 27·12·3 |
| 12 | 10·3·2 | 27·2·6 | 17·2·4 | 6·2·1 | 26·1·5 |

## ژورنىلىمىزنىڭ 1984 - يىلدىكى ھەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى

ياتلىشىش مەسىلىسى ۋە مەنىۋى بۇلغىنىش
........................ شىڭ بىنسى(زارىپ تەرجىمىسى) (1 - سان، 1 - بەت)

«ئەلقانۇن فىت - تىبىب» ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى
........................ ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن (2 - سان، 1 - بەت)

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى
........................ ھىمىت مەخسۇت (2 - سان، 26 - بەت)

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئىجتىمائى ئەخلاق مەسىلىلىرى توغرىسىدا
........................ ئامانۇللا (4 - سان، 1 - بەت)

فەن جىن ۋە ئۇنىڭ «روھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرى
........................ ليۇ ۋەنيۇ تەرجىمىسى (4 - سان، 29 - بەت)

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار ھەققىدە
........................ مەھەممەت ئوسمان (4 - سان، 21 - بەت)

× × ×

سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تووار ئىگىلىگى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ........................ ئىسمايىل نىياز (1 - سان، 38 - بەت)

ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ........................ ئىسمايىل نىياز (3 - سان، 1 - بەت)

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مۇقەررەر جەريان ........ جۇمەخۇن نىياز (3 - سان، 18 - بەت)

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە ... رازراق تۆمۈر (4 - سان، 38 - بەت)

× × ×

ماۋدۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي مەدىنىيەت پائالىيەتلىرى
........ لو ۋېيتيەن (ئەنىسەردىن مۇسا تەرجىمىسى) (1 - سان، 19 - بەت)

شەرقىي خەن خاقانلىغىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا كەلگەن
ئادەملەر ئۈستىدە تەتقىقات
.......................... مايۇڭ (قاسىم ئارىش تەرجىمىسى) (1 ـ سان، 101 ـ بەت)
ئۇيسۇن تېغى ھەققىدە ...................................... پالتاخۇن (1 ـ سان، 116 ـ بەت)
ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قاناتيايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيتى
توغرىسىدا ................. مايۇڭ (ز . سادىق تەرجىمىسى)، (2 ـ سان، 74 ـ بەت)
داگۇ گۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىسى ۋە تۇرپان ـ دۇڭخۇاڭ مەدىنىيتى.
..................... مامەنلىي (قاسىم ئارىش تەرجىمىسى) (2 ـ سان، 83 ـ بەت)
ئۇيغۇر تارىخىنى تۈزۈپ چىقىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە
....................... ۋېي لياڭتاۋ (نىجات تەرجىمىسى) (3 ـ سان، 66 ـ بەت)
چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى
.................. جاڭ يۇيشىن (ئەخمەت يەھيا تەرجىمىسى) (3 ـ سان، 98 ـ بەت)
خۇنەن ئۇيغۇرلىرى
........... جۇ لىنىڭ، لىي دىڭرېن (قاسىم ئارىش تەرجىمىسى) (4 ـ سان، 48 ـ بەت)
ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يوقىلىشى
............. جۇ كېساڭ (خەيرىنىسا، مۇرات تەرجىمىسى) (4 ـ سان، 63 ـ 4 ـ بەت)

× × ×

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرايلى
.................. لىيې ماۋكوي (ئەنسەردىن مۇسا تەرجىمىسى) (1 ـ سان، 8 ـ بەت)
مودېرنىزىم ئەدەبىياتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە... ئازات سولتان (1 ـ سان، 53 ـ بەت)
ئەدەبىي تەنقىت توغرىسىدا........................ مەھەممەت زۇنۇن (1 ـ سان، 71 ـ بەت)
مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي ئەدەبىيات ............. سالى خۇدابەردى (1 ـ سان، 88 ـ بەت)
شېئىر كىتاۋى ............................ ئەبۇ ناسىر فارابى (2 ـ سان، 58 ـ بەت)
«قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم
...................................... ئابلەت ئۆمەر (3 ـ سان، 38 ـ بەت)
«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزلىنىشلەر
.................................. شەرىپىدىن ئۆمەر (3 ـ سان، 54 ـ بەت)

لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم

....................... مەھەممەت تۇرسۇن سادىق (3 ـ سان، 112 ـ بەت)

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

....................................... ئابدۇكېرىم راخمان (4 ـ سان، 70 ـ بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

.............................. نۇر مەھەممەت زامان (4 ـ سان، 86 ـ بەت)

ئۇيغۇر تىلى قۇرۇلمىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

.................. چېڭ شي (لىتىپ توختى تەرجىمىسى)، (1 ـ سان، 127 ـ بەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش، تەۋەلىق شەكىللىرى توغرىسىدا

................................... ئەخمەتجان ئەسقەر (2 ـ سان، 101 ـ بەت)

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا ................................. جۇمە ئابدۇللا (2 ـ سان، 122 ـ بەت)

رەۋىشداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەر توغرىسىدا

........................................... راخمان خانبابا (3 ـ سان، 118 ـ بەت)

چاغىتاي تىلىنىڭ قەدىقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى ھەققىدە

........................................... ئابدۇروپ پولات (3 ـ سان، 126 ـ بەت)

ئالتاي تىلشۇناسلىقى ھەققىدە .................. نەسرۇللا، مۇھەببەت (4 ـ سان، 97 ـ بەت)

خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا

.......................................................... ليۇ مىن (4 ـ سان، 110 ـ بەت)

× × ×

ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئار نامايەندە

............................... ئابدۇشۇكۇر مەتمىن (3 ـ سان، 25 ـ بەت)

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت مەسىلىلەر

.......................................... ئابدۇكېرىم راخمان (2 ـ سان، 44 ـ بەت)

تاجىك خەلقىنىڭ بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ... نىزامىدىن ھۈسەيىن (1 ـ سان، 122 ـ بەت

مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى
.................................... ھەسەن ئابدۇرېھىم (2 ـ سان، 137 ـ بەت)
ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللى مەسىلە
.................... ليۇ شەنجاۋ (ئوسمان تەرجىمىسى)، (3 ـ سان، 79 ـ بەت)

× × ×

باشقا پەنلەرگە سىڭىپ كىرىۋاتقان ماتېماتىكا
................ فىڭ جىجۇن (تىلسىمان تەرجىمىسى) (1 ـ سان، 142 ـ بەت)
ئادەم مىڭىسىنىڭ ئادەم مىڭىسى ئۈستىدىكى ئىزلىنىشى
........................ جۇ چىڭ (كۇلىيا تەرجىمىسى)، (2 ـ سان، 18 ـ بەت)
«كوكاچ بار» دەپ قورقاتماسلىق، بەلكى ئەقىلغا ئىلھام بېرىش لازىم
.............................. روسۇل ئۆمەر (2 ـ سان، 133 ـ بەت)
ياشانغانلاردىكى خاتىرە ساقلاش ۋە ئۇنتۇش ھەققىدە
.............................. ھابىل مەخسۇت (2 ـ سان، 128 ـ بەت)
مائارىپتا زامانىۋىلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم
.............................. ئىبراھىم مۇھىتى (4 ـ سان، 123 ـ بەت)
ئىران تارىخ ئالىمى رەشىدىددىن ............... ئابلىمىت روزى (3 ـ سان، 133 ـ بەت)
ئەبۇلغازى باھادىرخان. ........................ ئابلىمىت روزى (4 ـ سان، 129 ـ بەت)

× × ×

«دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپان ئىلمىي جەمىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا
.............................. تۇرسۇن رەھمىتۇللا (4 ـ سان، 133 ـ بەت)

× × ×

مۇشتىرىدىن خەت .................................. ئا. ئا. (1 ـ سان، 149 ـ بەت)

× × ×

ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى
...... يۈسۈپ ئۇربىلى (1 ـ سان، 154 ـ بەت، 2 ـ سان، 141 ـ بەت، 3 ـ سان، 138 ـ بەت، 4 ـ سان، 139 ـ بەت).


# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژورنال)

1984 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي سان 20)



كۇچار قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ 7220 - زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ژورناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كېنىشكا نومۇرى: 0٠46

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 0٠40 يۈەن